مەسەللەر گۈلىستانى

# يۈتكەن ئىشقا ئىشگە تولا

(تۈركىي تىللار دىۋانى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلار تورى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# بوستان شاھاشتولا

(تۈركىي تىللار دىۋانى)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

事成之后抢功者多：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-754-2

I. 事… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024522 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　事成之后抢功者多
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　艾则孜·阿塔伍拉·萨尔特肯
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊

出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-754-2
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-754-2
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا» دېگەن كىتابتا دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى، بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى (1008 ـ 1105) نىڭ ھاياتى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەلىك مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

«ب د ت پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 2008 ـ يىلىنى مەھمۇد قەشقەرى يىلى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز».

—— «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىدىن

چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈپ شەھەرلىك كىتابخانىغا قاراپ ماڭدىم. خىزمەت ئالدىراشلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىتابخانىغا كىرمىگىلى 10 كۈندىن ئاشقان بولغاچقا، قانداق يېڭى ماتېرىياللارنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدىم. مەن كىتابخانىغا كىرىپ ئۇدۇللا يېڭى كىتابلار قويۇلىدىغان كۆزنەك ئورۇنغا باردىم. كۆز ئالدىمدا چىرايلىق لېنتىلار چېگىلگەن، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن خەتلىرى كۆزنى مانا مەن دەپ چاقنىتىپ تۇرىدىغان شاھانە ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يېڭى نەشرى، ئىندېكسى، فاكسىملى نەشردىن چىقىپتۇ. گەرچە بۇ ئەسەرنىڭ نەشردىن چىقىشى توغرۇلۇق خېلى بۇرۇنلا خەۋەر ئاڭلىغان بولساممۇ، لېكىن بۇنداق سۈپەت ۋە ئۆلچەمدە ، يەنە كېلىپ 2008 – يىلىنىڭ ب د ت پەن، مائارىپ، سەھىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «مەھمۇد كاشغەري يىلى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە، قازاقىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان... قاتارلىق ئەللەردە جۇملىدىن بېيجىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئۈلگۈرۈپ نەشردىن چىقىنىدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم ۋە باھاسىنىڭ تولىمۇ يۇقىرىلىقىغا قارىماي بىر يۈرۈش سېتىۋالدىم. مەن بۇ شاھانە ئەسەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىشقا كۈچ سەرپ قىلغان ئۇستازلاردىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا كىتابنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ـ دە، كۈتۈپخانامغا كىرىپ، مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئايرىشقا ۋە سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا باشلىدىم. مەن ئەتە

ئەتىگەندە ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇ ھەقتىكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشنى ئويلىغانىدىم. گەرچە بىزدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە خېلى كۆپ ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان ماتېرىيال ناھايىتى ئاز ئىدى. مەن قايتا ـ قايتا كۆرۈش ئارقىلىق ئاخىرى تۈركىيىلىك م. شاكىر ئۈلكۈ تاشىر يازغان «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى» دېگەن كىتاب بىلەن، ئابدۇرېھىم راخمان، رۇقىيە ئوسمانلار يازغان «مەھمۇد قەشقەرى» دېگەن كىتاب ھەمدە كۈرەش تاھىر يازغان «‹دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك› نىڭ ھەر خىل تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇپ بېرىشنىڭ مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە ئەڭ ياخشى مەلۇمات بېرىش بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، خۇددى ئېغىر بىر ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندەك يېنىكلەپ قالدىم. ماتېرىيال ئىزدەيمەن دەپ قالايمىقان قىلىۋەتكەن كىتابلارنى رەتلەپ ئورنۇمدىن تۇرغاندا كەچ سائەت 12 دىن ئاشقان ئىدى. شۇ چاغدا ماتېرىيال ئىزدەش بىلەن بولۇپ كېتىپ كەچلىك تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانلىقىم يادىمغا چۈشتى.

.....

قولۇمدا خېلى كۆپ ماتېرىيال. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بار ئىدى. ئىشىكنى ئېچىپ سىنىپقا كىرىشىمگە ھەممە ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى.

جاۋاب سالامدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئورنىدا ئولتۇردى. مەن يوقلىما قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا:

— بۈگۈن يېڭى دەرس ئۆتۈلمەيدۇ. ب د ت پەن ـ مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 2008 ـ يىلىنى مەھمۇد قەشقەرى يىلى قىلىپ بېكىتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كۆپ قېتىم ئىلمىي يىغىلىشلار قانات يايدۇرۇلدى. بۇخىل خۇشاللىنارلىق ئىشلاردىن سىلەرنى ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە بۈگۈن مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتىمەن، — دېدىم. ئوقۇغۇچىلاردا بىر خىل خۇشاللىنىش كەيپىياتى ئەۋج ئالغان ئىدى. مەن دەسلەپتە 2008 - يىلىنىڭ مەھمۇد قەشقەرى يىلى قىلىپ بېكىتىلىش ئەھۋالى سۆزلەنگەن مۇھەممەتجان ئابدۇللا ناملىق «مەھمۇد قەشقەرى ۋە 2008 - يىلى» ناملىق قىسقا ماقالىنى ئوقۇپ بەردىم. ئۇ ماقالىدە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

تۈركىيە ياۋروپا - ئاسىيا يازغۇچىلار جەمئىيىتى مەھمۇد قەشقەرى دۇنياغا كەلگەنلىكىگە تولۇق بىر ئېرا بولغان 2008 - يىلىنى دۇنيا مەھمۇد قەشقەرى يىلى دەپ ئېلان قىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ باياناتىدا كۆرسىتىلىشىچە، مەھمۇد قەشقەرى تۈرك تىلىنىڭ باشلانغۇچ سۆزلۈكى ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئېنسىكلوپېدىيىسىنى هازىرلىغان، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق يازما تارىخ ئاساسى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر خىل تەتقىقات ۋە ئېنىقلاشلاردىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى مىلادىيە 1008 - يىلى قىلىپ بېكىتىلگەن.

تۈركىيە ياۋرو - ئاسىيا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش سېكرېتارى ياقۇپ دىلومىر ئوغلى يۇقىرىقى باياناتىدا يەنە، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تارىختا تىلغا ئېلىنمىغان «تۈرك تىلىنىڭ دەسلەپكى گىراماتىكىسى» ناملىق كىتابىنىڭ هازىرغىچە تېپىلمىغانلىقى، ئاپتورنىڭ تۇغۇلغىنىغا 1000 يىل بولغان بۇ كۈندە بۇ كىتابنى تاپقان كىشىگە 1000 تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىللاسى ھەدىيە قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. «مەھمۇد قەشقەرى يىلى» قىلىنغان 2008 - يىلىدا، تۈركىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىجتىمائىي پەن - مەدەنىيەت ئورگانلىرى بىر قاتار تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىكەن. بۇنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۇيغۇر يازغۇچى پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق تارىخىي رومانى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. بۇ تۈركچە نەشرىگە بېرىلگەن كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ هازىرغىچە مەلۇم بولغان تۇنجى تۈركشۇناس ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە تۈرك تىلى سىستېمىسىنى خاتىرىلەش ئاساسىدا، تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ شېئىر، ئېغىز ئەدەبىياتى، ماقال - تەمسىل،

ھەتتا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ۋە دۇنيا قاراشلىرىغىچە كۆرسىتىپ بېرەلىگەنلىكى، دىۋاندا تۈركلەرنىڭ كۈندىلىك ھايات قانۇنىيىتى يۇغۇرۇلۇپ، تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ كىرىش سۆزدە يەنە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ، ئەرەب ـ پارس ئەدەبىياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىسلام دۇنياسىدا ھوقۇقىنىڭ تۈركلەر قولىغا چۈشۈشى تۈرك تىلىنىڭ يۈكسىلىش ۋە نامايەندە ئورۇنغا ئۆتۈش تەقەززاسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنداق شارائىتتا مەھمۇد قەشقەرى دىۋانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇ جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقىقا چەك قويۇپ، تۈرك تىلىنى ئەرەب ۋە پارس تىلى بىلەن تەڭ پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان ئىمتىيازغا ئىگە قىلغان. تۈركلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا ھوقۇق جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى تىلنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ ھوقۇق بىلەن تەڭ دەرىجىدە كېڭىيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، تۈركلەرنىڭ تىل ـ ئاڭ سىستېمىسىدا مۇكەممەل بولغان مەدەنىيەت قوۋمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرۇشىغا نەزەرىيىۋى ئاساس سالغان دەپ يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

تۈركىيىدە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئائىت ئىلمىي پائالىيەتلەر كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلدى. 2006 ـ يىلى تۈركىيىنىڭ كابالچى نەشرىياتى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى قايتا نەشر قىلىپ تارقاتقان. بۇ قېتىمقى يېڭى نەشرى ھازىرقى زامان لۇغەتچىلىك قائىدىسىگە مۇۋاپىق ھالدا نەشر قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا 2006 ـ يىلى تۈركىيىدە «مەھمۇد قەشقەرى ۋە تۈرك تىلى» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەنگەن. خاندەن خانىم رېژىسسورلۇقىدىكى بۇ فىلىم ئۇيغۇر دىيارىدا ئىشلەنگەن ئىكەن. بۇندىن بۇرۇن يەنى 2005 ـ يىلى تۈركىي مىللەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ بىردىنبىر ئەسلىي نۇسخىسى كۇتۇپخانا تەرىپىدىن كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلگەن.

تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن تۈركىيە، ياۋرو ـ ئاسىيا يازغۇچىلار

www.uyghurkitap.com

جەمئىيىتى 2008 ـ يىلىنى «دۇنيا مەھمۇد قەشقەرى يىلى» دەپ ئېلان قىلغان. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دۇنيا مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى 2008 ـ(unesco) يىلىنى دۇنيا مەھمۇد قەشقەرى يىلى قىلىپ رەسمىي ئېلان قىلغان.

تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بۇ يىلنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان. يەنى ئالدى بىلەن گېرمانىيىنىڭ فرانكفوردتا ئېچىلىدىغان «دۇنيا كىتاب يەرمەنكىسى»گە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ يېڭى نەشرى قويۇلغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى زىيارەت قىلىنىدىكەن ۋە تەكشۈرۈلىدىكەن. تۈركىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن بىرلىكتە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، مەھمۇد قەشقەرى ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» توغرىسىدا مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. بۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياۋروپا، رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالىملار تەكلىپ قىلىنىدىكەن.

مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىش سەۋەبى بايان قىلىنغان ماتېرىيال ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارنى ۋاقىپلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئابدۇرېھىم راخمان، رۇقىيە ئوسمانلار يازغان «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق كىتابتىكى شۇ مەزمۇننى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋر قاراخانىيلار سالجۇقىيلار ۋە ئابباسىيلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدىن قارىغاندا، خۇددى بارتولد ئېيتقاندەك «تۈركلىشىش دەۋرى» بولغانىدى. مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋردە تۈركلەر ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى پەقەت دىنىي ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ دەۋردە ھەقىقەتەن مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقاندەك «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئەقىل تەقەززا قىلىدىغان»، «تۈركلەرگە يېقىش ۋە دەردىنى ئېيتىشقا تۈرك تىلىدا سۆزلەشتىن ياخشىراق يول يوق» بىر دەۋر ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى مول بىلىمى ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنلىرىنى 15 يىللاپ تەكشۈرۈپ توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بۇ كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ

چىققان.

ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىيلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىدە شەرق دۇنياسىدا مۇنداق زور شۆھرەتكە ئىگە بولۇشىنىڭ تارىخىي سەۋەبى بار ئىدى. توغرۇل ۋە چاغرى تېكىنلەر قۇرغان، بوۋىسى سالجۇقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ سۇلالە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى تارىخ سەھنىسىدە ئەرەبلەر بىلەن بىللە تۇرۇش ۋە گۈللىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. «ئۇلارنىڭ زېمىنى تەدرىجىي ھالدا رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن چېگرالىنىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ خەلق كۇنستانتىنپولغا ئەلچى ئەۋەتىپ رىم پادىشاھىنىڭ ئۆزىگە بەيئەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەنىدى.»[1] يەنە بىر تەرەپتىن ئىران ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىدە تۈركىي خەلقىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سالجۇق تۈركلىرى باغدات شەھىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكى تۈركىيلەرنىڭ خىلمۇخىل تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئاساسىي، مۇھىم ھوقۇقلىرى تۈركىيلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى[2]. ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ بىر قىسىم دىۋان ۋەزىرلىرى ۋە ئەمىر سەركەردىلىرى تۈركلەردىن تەشكىل قىلىندى.

ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ غەرب ۋە شەرق ئەللىرى بىلەن بولىدىغان ئىقتىسادىي سودا ئالاقىلىرى سالجۇقىيلار ۋە قاراخانىيلار ئارقىلىق بولاتتى. ئەرەب ئالىملىرىدىن جاھىز، بەزىد ئىبنى مەزىد، ئەشرەف قاتارلىقلارنىڭ ۋە باشقا ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە تۈركلەرنى ماختاپ تىلغا ئالىدىغان، كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەيدىغان خاھىشلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىياسىي شارائىت

[1] ۋاڭ جېلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (2- قىسىم) دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىل نەشرى، 100- بەت.

[2] بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى تارىخشۇناس كارل بروككېلمان («ھەر قايسى ئىسلام مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى تارىخى» سودا نەشرىياتى، 1985- يىل، 156-162- بەتلەر)، ۋاڭ جىلەي (ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى) خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1986- يىل، 365-369- بەتلەر) قاتارلىقلار مول تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

خەلىپىلىك چەمبىرىكى ئىچىدە تۈركلەرگە بېغىشلىغان كەڭ ئىمتىيازنىڭ ئەرەب زىيالىيلىرى ۋە مۆتىۋەر زاتلىرى ئارىسىدا بىرەر جاڭجال كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرەش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى. بۇ ئەھۋال ئۇلارغا تۈركىيلەر ھەققىدە ئېھتىياتچان بولۇشنى، ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىشنى ئەڭ توغرا چىقىش يولى دەپ ئېتىراپ قىلدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئالىملىرىدىن بولغان جاھىز تۈركلەرنى «ئىسلامىيەتنىڭ جەۋھىرى» ياكى «مەنبەسى» دەپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى[1].

مۇشۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر تۈركىي ـ خەلقلەر مەدەنىيىتىنى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. يۇقىرىقىدەك سىياسىي مۇھىت، مەدەنىي ھايات ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئەرەبلەرنىمۇ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلدى. تۈركىي تىلنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدە ھۆكۈمران تىل بولۇپ قېلىشىدەك ئەمەلىيەت ئەرەب زېمىنىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى، باي تىل ـ ئەدەبىياتىنى، ئەپسانە رىۋايەتلىرىنى ۋە باشقا ئالغا كەتكەن تەرەپلىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ دەۋردە ئەرەب ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۈركىي خەلقلەر تارىخىنى ۋە تىل ـ ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىن ھەۋەس ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتا تۈركىي خەلقلەر تىل ـ ئەدەبىياتىنى، تارىخىنى پىششىق بىلىدىغان ئەرەب ئالىملىرىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبلىك بۇنداق زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسى تارىخىي يوسۇندا ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتىغا پىششىق بولغان ئۇيغۇر ياكى باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان زىيالىيلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى مەھمۇد قەشقەرى مۇشۇنداق زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىشنى تۈنجى بولۇپ دادىل ئۆز زىممىسىگە

---

[1] شاكىر ئۇلكۇتاشىر: «بۈيۈك تىلچى ـ مەھمۇد قەشقەرى»شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىل، 15-بەت.

ئېلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان ئالىمدۇر.

شۇنداق قىلىپ پۇتكۇل شەرق دۇنياسىدا زور ئىمتىيازغا ئىگە بولغان، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تىل ـ مەدەنىيەتلىرى ئەرەب، پارس تىل مەدەنىيەتلىرى بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. بۇنداق ئىمكانىيەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

مەن ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ھەققىدىكى باياننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قوزغىتىپ ئۆز چۈشەنچىلىرىنى سۆزلەپ بېقىشقا دەۋەت قىلىپ:

— مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسەرنى قاچان يازغانلىقىنى بىلەمسىلەر! — دېدىم.

— بىلمىمىز، بىلمەيمىز... — ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى بىلمىمىز دېسە، زور كۆپ قىسمى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن ئۇلارغا قاراپ:

— ئەمىسە بۇ ھەقتىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدىم-دە، «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇشنى باشلىدىم.

«دىۋان»نىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىقلاشتىن بۇرۇن «دىۋان» نىڭ يېزىلىش جەريانىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە «دىۋان» نى يېزىشقا 15 يىل تەييارلىق كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەلۋەتتە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسىنىڭ بويلىرى، يەتتىسۇ، يايىق، دنېپېر بويلىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شۇ جايلاردا ياشىغۇچى تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز ـ ئۇيغۇر، چىگىل، باسمىل، ياغما، قىرغىز، بۇلغار، تاتار، باشقىرت ۋە پەچەنەك قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تىلى، ئېتنوگرافىيىسى، تارىخى، جۇغراپىيىۋى جايلىشىشلىرى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىشقا 15 يىل، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 1020 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى ئېتىراپ قىلىنسا، (دادىسى ھۇسەيىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن 1057 ـ يىلى) ئۇ 37 ياشقا كىرگەن

بولىدۇ. ئۇ «دىۋان» ئۇچۇن زۆرۈر بولغان تەكشۈرۈشلىرىنى ئوردىدىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىدىن ئامان قالغاندىن كېيىن باشلىغان دېيىلسە، 1072 ـ يىلىغىچە ئۇ تەكشۈرۈش بىلەن بولغان بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى ۋەقەدىن بۇرۇن تەكشۈرۈشلىرىنى تاماملىغان دېيىلسە، بۇ تەكشۈرۈشلىرىنى ئۇ 22 يېشىدا باشلىغان بولىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى دادىسى بارسغاندا ئەمىر بولۇپ تۇرغاندا ئۇ دادىسى بىلەن بىللە بارسغان، بالاساغۇنلاردا بولغان. بۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئالغاندا ۋە شۇ چاغدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيەتلىرىنى قوغداش يولىدا تىرىشچانلىقىنى ئەسكە ئالغىنىمىزدا ئالىمنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ تىل ـ مەدەنىيىتىگە بولغان ئوتتەك مۇھەببىتى خېلى بۇرۇنلا ئويغانغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىنى ئوردىدىكى ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن باشلىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان بولسا كېرەك.

«دىۋان» نىڭ يېزىلىشقا باشلىغان ۋاقتى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە ئىختىلاپ يوق. يەنى 1072 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چارشەنبە كىتاب يېزىلىشقا باشلىغان. كىتابنىڭ پۈتكەن ۋاقتى ھەققىدە «دىۋان» دا يېزىلغان «1074 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۈگەتتىم» دېگەن سۆزنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم تۈركىيىلىك پروفېسسور زەكى ۋەلىدى توغان ئوتتۇرىغا قويغان ۋە «... خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى شۇنداق دەپ قاراش كېرەككى، يازغۇچى كىتابنى ئەل قائىم بىئەمرۇللاھ زامانىسىدا، يەنى مىلادىيە 1072 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 1074 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئارىسىدا يېزىپ تاماملىغان ۋە كېيىن 1076 – 1077 ـ يىللىرىدا قايتا تولۇقلاپ چىقىپ، خەلىپە مۇھەممەت مۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا تەقدىم قىلغان، بۇنىڭغا ئاساسەن كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى 1077 ـ يىل دەپ بېكىتىشلىشى كېرەك.» [1] دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى «دىۋان» ھەققىدە قىممەتلىك ماقالىلەرنى ئېلان

---

[1] ئۇلكۇتاشىر: «بۈيۈك تىلچى ــ مەھمۇد قەشقەرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000ـ يىل نەشرى، 34ـبەت.



www.uyghurkitap.com

قىلغان پروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ بىلەن ئەھمەد جەفەر ئوغلى، «دىۋان» نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىنى تەييارلىغۇچىلاردىن روبېرت دانكوف بىلەن جېمس كېللىيلەر قۇۋۋەتلەيدۇ.[1]

شۇنداق بولغاندا مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىنى 15 يىل تەكشۈرۈپ ماتېرىيال يىغىپ، 1072 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «دىۋان» نى يېزىشقا كىرىشىپ، تۆت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ تەھرىرلەپ 1077 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، (دۈشەنبە) تاماملىغان ۋە ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىسىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇلقاسىم ئەل مۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا تەقدىم قىلغان.

يەنە بەزى رىۋايەتلەردە تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبىن سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يېڭى خەلىپىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن باغداتقا بارغاندا، مەھمۇد قەشقەرى مەزكۇر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان تاغىسى بىلەن بىللە خەلىپە ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى خەلىپىگە تەقدىم قىلغان، دېيىلىدۇ.

«دىۋان» نىڭ قەيەردە يېزىلغانلىقى ھەققىدە «دىۋان» نىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. لېكىن، مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋر مۇھىتى، سىياسىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي - مەدەنىي ئىمكانىيەتلەر بىلەن «دىۋان» نىڭ قۇرۇلمىسى، مەزمۇنى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرگە ئالغاندا بۇ ئەسەرنىڭ باغداتتا يېزىلغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. بۇ كىتاب قەشقەردە ياكى باشقا بىر تۈرك - ئىسلام مەركىزىدە بىر كىتاب ھالىتىدە يېزىلىپ، كېيىن باغداتقا ئېلىپ بېرىلغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىنچىلىكى ئېھتىمالدىن خېلىلا يىراق. مەھمۇد قەشقەرى نۇرغۇن تۈركىي ئەللىرىنى، مەركەزلىرىنى، شەھەرلىرىنى كېزىپ چىققان، كۆرگەن. بۇ جەرياندا چوقۇم نۇرغۇن خاتىرىلەرنى توپلىغان. بۇنداق ھەجىمدىكى، بۇنداق كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قامۇس كىتابنى يالغۇز ئەقىل، چۈشەنچىنىڭ ياردىمى بىلەن مەيدانغا كەلگەن دېيىش ساددىلىق بولىدۇ. شۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مەھمۇد

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 - يىل1 - سان.

قەشقەرى ئۆز كۆز قاراشلىرىغىلا تايىنىپ قالماي ئۆزىدىن بۇرۇن بۇ ھەقتە يېزىلغان ئەسەرلەرنىمۇ كۆرگەن.

شۇنىسى ئېنىقكى، مەھمۇد قەشقەرى بۇ كىتابنى يېزىشنى بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈككەن. باغداتقا كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بەزى ۋەقەلەر كىتابنىڭ تېزرەك يېزىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە توپلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، باغدات كۇتۇپخانىلىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئەسەرنى باغداتتا يېزىپ پۈتكۈزگەن.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ باغداتقا كېلىشىنى كۆپىنچە ئالىملار سالجۇق سۇلتانى مەلىك شاھقا ياتلىق قىلىنغان قاراخانىيلار مەلىكىسى تۇركان خاتۇن بىلەن باغلايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا مەھمۇد قەشقەرى ئوردىدىكى قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە جەمەتىدىكى مەھمۇد قەشقەرىنى قوللايدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ۋە «دىۋان» غا لازىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان، ئاخىر تۇركان خاتۇننى پاناھ تارتىپ باغداتقا بارغان.

ئەينى چاغدا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى بولغان باغدات كۆچلۈك ئالىملىرى، مەدرىسە ـ كۇتۇپخانىلىرى بىلەن مۇسۇلمان دۇنياسىدا مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ سۇلتان توغرۇل بەگ ۋە مەلىك شاھلارغا باش ۋەزىر بولغان نىزامۇلمۇلۇك تەرەققىپەرۋەر، ئىلىمنى ۋە ئىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىغان ئادىل ۋەزىر بولغاچقا، باغداتنىڭ ئىلمىي ھاۋاسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغان. ئۆز دەۋرىدە «نىزامىيە مەدرىسىسى» قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسىلەرنى بىنا قىلغان. تۇركان خاتۇن بولسا قەشقەرلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى زىيالىيلارنىڭ باغداتقا كېلىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن.

تۇركان خاتۇن سۇلتان مەلىك شاھ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراسىتى، ئۆتكۈرلۈكى، پەزىلىتى بىلەن سالجۇقىيلار سارىيىدا سۆزى ئۆتىدىغان بىر ئىناۋەتلىك خانىش سۈپىتىدە ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندا ئىلىم ئەھلى ۋە ئەدىبلەرنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇ دەۋردە قەشقەر، بالاساغۇن،

بۇخارا قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم ئالىملار بۈيۈك سالجۇقىيلار شەھەرلىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئەنە شۇنداق بىر باشپاناھنى دەپ باغداتقا كەلگەن ۋە باغدات كۇتۇپخانىلىرىدىكى ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆرۈشكە، پايدىلىنىشقا مۇۋەپپەق بولغان. «دىۋان» نىمۇ شۇنداق بىر پايدىلىق شارائىتتا يېزىپ چىققان.

مەن ئوقۇشنى توختىتىپ ئوقۇغۇچىلارغا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىش جەريانىنى ئۆز چۈشەنچەم ۋە توپلىغان ماتېرىياللاردىن كۆرگەنلىرىم ئاساسىدا بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن:

— ئەمدى، سىلەر ئۆزۈڭلارغا نا ئېنىق بولغان مەسىلىلەرنى سوراڭلار. مەن بىلگىنىمچە جاۋاب بېرەي،— دېدىم. شۇ ھامان بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسىمۇ ياكى كاتىپلار تەرىپىدىن كېيىنكى كۈنلەردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ؟— دەپ سورىدى.

مەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدىم:

— «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەسلىي قولىيازمىسى ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس. بىز كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ۋە باشقا تەرجىمە نۇسخىلىرى دۇنيادا بىردىنبىر نۇسخا ھېسابلانغان، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز قولىيازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدۇر. بۇنداق كاتتا، ساۋابلىق ئىشنى ئەسلىدە ئىراننىڭ ساۋە ناھىيىسىدىن بولۇپ كېيىنچە شام (دەمەشىق) دا ئولتۇراقلاشقانلىقى مەلۇم بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى ئەبىلفەتھى مىلادىيە 1266 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئورۇنلىغان. شۇنداق بولغاندا بۇ نۇسخا «دىۋان» يېزىلىپ 189 يىلدىن كېيىن كۆچۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە كاتىپ ئەبىلفەتھى يازما نۇسخىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق سۆزنى يېزىپ قويغان:

«ساۋەلىك ئاندىن دەمەشىقلىق مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى

ئىبنى ئەبلفەتھى بۇ كىتابنى ئەسلىي نۇسخىدىن كۆچۈرۈش ئىشىنى 664 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى يەكشەنبە تاماملىغانىدى.»[1]

لېكىن، شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كاتىپ ئەبلفەتھى ئەسەرنى كۆچۈرۈش جەريانىدا بىر مۇنچە خاتالارغا يول قويغان. بۇ ئۇنىڭ ئالدى بىلەن تۈركچىنى زادىلا بىلمەيدىغانلىقىدىن، ئاندىن قالسا ئەرەبچە ئانا تىل سەۋىيىسىمۇ ئانچە يۇقىرى بولمىغانلىقتىن بولغان. قولىيازمىدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى خاتا كۆچۈرگەنلىكىنى ئالدى بىلەن بۇ قولىيازمىنى نەشرگە تەييارلىغان كىلىسلى رىفئەت بىلگە، ئاندىن «دىۋان» نىڭ تولۇق تۈركچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن بەسىم ئاتالاي، ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچىلەر روبېرت دانكوف ۋە جېمىس كېللىي قاتارلىقلار ۋە ئۇيغۇرچە نەشرىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ۋە زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى ئىشلىگەن، ئىزاھلارنى بەرگەن. لېكىن، «دىۋان» نىڭ خەتلىرى ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بارغان تۈركىيىلىك ئالىم ئابدۇقادىر ئىنان: «‹دىۋان› نى كۆچۈرگۈچى ساۋەلىك مۇھەممەدنىڭ بۇ ئىشنى مەھمۇد قەشقەرىدەكلا ئېھتىيات ۋە دىققەت بىلەن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. چۈنكى، تۈركچە سۆزلەر ۋە جۈملىلەردىكى خاتالىقلار بەك ئاز. بۇ خاتالىقلار كۆپىنچە زىر، زەۋەرلەردە كۆرۈلگەن.»[2] دەيدۇ. شاكىر ئۇلكۇتاشىر بولسا ئېنىق قىلىپ: «بۇ خاتالىقلار ئەسلىدىكى نۇسخىدا كۆرۈلگەن خاتالىقلار بولۇش مۇمكىن دېگەن قاراشلار توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى ئەرەب تىلىنى تۈركچىدەكلا ياخشى بىلەتتى. بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىسپاتى ‹دىۋان› نىڭ ئۇسلۇبىدۇر»[3] دەيدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئەسىرى «دىۋان» نى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن كاتىپ ئەبلفەتھنىڭ نامىنى ۋە خاسىيەتلىك ئەمگىكىنى

---

[1] «دىۋان» III توم 611- بەت.

[2] شاكىر ئۇلكۇتاشىر كەلتۈرگەن نەقىل. («بۈيۈك تىلچى ــ مەھمۇد قەشقەرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى، 41-بەت.)

[3] شاكىر ئۇلكۇتاشىر: «بۈيۈك تىلچى ــ مەھمۇد قەشقەرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 2000- يىل، 41-بەت.

ئۇيغۇر خەلقى مەڭگۈ ياد ئېتىشكە ھەقلىق.
كاتىپ ئەبلەفەتھى كۆچۈرگەن، دەۋرىمىزگە سالامەت يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر قولىيازما نۇسخىسى ھازىر ئىستانبۇلدىكى «مىللەت كىنەل كۇتۇپخانىسى» (ئەلى ئەمىر ئەپەندى كۇتۇپخانىسى) دا ساقلانماقتا. ئۇ قارا تېرە مۇقاۋىلىق بولۇپ، بۇ مۇقاۋا 20 ـ ئەسىرگە تەئەللۇقتۇر. قەغىزى شەرق ئۇسلۇبىدىكى قېلىن ئاق سېرىق قەغەز بولۇپ، بەزى يەرلىرى نەملىك ۋە ئۇكسىدلىنىش نەتىجىسىدە سۇس جىگەر رەڭ بولۇپ قالغان. بەزى ۋاراقلىرىنىڭ كېسىلگەن ۋە يىرتىلغان جايلىرى تار قەغەز چاپلىنىپ تۈزىتىلگەن. بەزى بەتلىرىنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن جايلىرى باشقا بەتلەرگە تەڭ قىلىپ قاتلاپ قويۇلغان. بەتلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆلچىمى 165×239 مىللىمېتىر. ھەر بىر بەتنىڭ خەت يېزىلغان قىسمىنىڭ ئۆلچىمى 115×175 مىللىمېتىر. ھەر بىر بەتكە 17 قۇر خەت يېزىلغان. تېكىستلەر نەسىخ خەت شەكلىدە يېزىلغان. پۈتۈن قولىيازما نۇسخا 319 ۋاراق، 638 بەت.
«تۈركىي تىللار دىۋانى» مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئەرەب دۇنياسىدا بىر ئەھمىيەتلىك ئەسەر سۈپىتىدە قەدىرلەنگەن. بىر مۇنچە تارىخشۇناسلار، ئالىملار «دىۋان» نىڭ قولىيازمىسى ئاباسىيلار خەلىپىلىكى بىلەن بىللە مەملۇكلەر خانىدانلىقىغا كەلگەن. بۇ چاغدا، دەمەشقتە ئەرەبلەر ياكى ئەرەبچە سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم تۈركىي تىلنى ۋە تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. يەنى «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشنى ئەقىل تەقەززا قىلىدىغان» بىر تارىخي دەۋر ۋە ئەنئەنە «دىۋان» دۇنياغا كېلىپ 190 يىلدىن كېيىنمۇ ئىزچىل داۋاملاشقان. ئەسەرنىڭ يېڭى خوجايىنلىرى ئەسلىي ساۋەلىك بولۇپ، كېيىن دەمەشققە كۆچۈپ بارغان ئەبلەفەتھى ئىسىملىك بىر ئىرانلىق ئادەمنى ياللىۋالغان. كىتابنى كۆچۈرگۈزگەن كىشى ئەرەب ۋە تۈرك تىلشۇناسلىقىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئۇ مەزكۇر كۆچۈرگۈچىگە كىتابنىڭ تىتۇل بېتىگە بىر ئىزاھات يازدۇرۇپ «مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كىتابىدا بايان قىلغان تىل تۈركمەن تىلى بولىدۇ» دېگۈچى بىر ئادەمگە قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. قولىيازمىنىڭ تىتۇل بېتىگە يېزىلغان بۇ رەددىيەنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

مۇنداق:

بىز بۇ كىتاب («دىۋان») تۈركمەن تىلى ئاساسىدا يېزىلغان دېگەن پىكىرگە قوشۇلالمايمىز. تۈرك تىلىدىنمۇ، تۈركمەن تىلىدىنمۇ بىخەۋەر ئادەملەرلا شۇنداق دېيىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىز تۈركمەن تىلىدىن تولۇق خەۋەردار بىر ئادەمگە بۇ كىتابتىن سۆزلەرنى ئوقۇپ بەرسەك ئۇ ئادەم ‹بىز تۈركمەنلەر ئۇنداق دېمەيمىز› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى سۆزنى قىلغۇچىلارنىڭ تۈركمەنلەرنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ چىقىدۇ. بىر سۆزنىڭ تۈركمەنلەردىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپلا بۇ سۆزنى قىپچاقلارنىڭ سۆزى ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، نۇرغۇن سۆزلەر تۈركمەن تىلى بىلەن قىپچاق تىلىدا ئوخشاش شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ مەزكۇر ئادەمنىڭ قىپچاقلارنىڭ تىلى، شېئىر - بېيىتلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەن بۇ تىلدا تۈزۈلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئوقۇغانمەن. بۇ تىلنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئەمما، بۇ كىتابتەك ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان ھېچبىر كىتابنى كۆرگىنىم يوق. پەقەت بۇ تىلنى پۇختا بىلگەن ئادەملەرلا بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەلەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز يىلدا ياكى 150 يىل داۋامىدا، ئاز دېگەندە ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم ئەسەرنىڭ تېكىستىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. بۇ ئادەملەرنىڭ بىرىنچىسى تۈركچە ۋە ئەرەبچە پۈتۈن تېكىستكە ھەرىكە قويۇپ چىققان. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى شۇ دەۋردە (مەملۇكلەر دەۋرىدە) كەڭ ئىستېمال قىلىنغان قىپچاق دىئالېكتىغا يېقىنلاشتۇرغان. مۇشۇ ئۆزگەرتىشلەر ۋە ئۇنىڭ قەلەم ئىزلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەم 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دەمەشىقتە ياكى قاھىرەدە ياشىغان بولسا كېرەك. قالغان ئىككى ئادەمنىڭ پائالىيەتلىرى چوقۇم 1422 - يىلىدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن.

1400 - يىلى بۇ كىتاب ئەسلىي دەمەشىقلىق بولۇپ بۇ دەۋردە قاھىرەدە ياشىغان بىر ئاتاقلىق ئالىمنىڭ قولىغا چۈشكەن. بۇ ئادەم

www.uyghurkitap.com

كىتابىنىڭ تىتۇل بېتىدە ئۆز ئىسمىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئەسەر 1422 ـ يىلى قاھىرەدە بولغانلىقى مۇقەررەر. چۈنكى، شۇ يەردە بەدرىددىن ئەينى دېگەن ئاتاقلىق بىر ئالىم ئۆزىنىڭ چوڭ بىر ئەسىرىنى يازغاندا بۇ ئەسەردىن پايدىلانغان.

1517 ـ يىلى ئوسمانىيلار مەملۇك خانلىقىنى ئىگىلەپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئەسەر ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يۈز يىل ئىچىدە ئوسمانلى ئالىملىرىدىن بىر نەچچىسى بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلغان. شۇلاردىن بىرى ئەسلىي تېكىستىنىڭ چېتىگە ئىككى ئورۇندا ئىزاھات يېزىپ قالدۇرغان. يەنە بىر ئادەم ئەسلىي تېكىستكە بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ بەزى تۈزىتىشلىرى بۇ ئادەمنىڭ «دىۋان» نىڭ يەنە بىر كۆچۈرمە نۇسخىسىنى كۆرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۈچىنچى ئادەم 19 ـ ئەسىردە ياشىغان بولسا كېرەك. بۇ ئادەمنىڭ تۈزىتىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ، ئەسەرنىڭ ئەسلىي تېكىستلىرىنى ئوبدان چۈشەنمىگەن.

1650 ـ يىلى ئوسمانلى دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى كاتىپ چەلەبى: «دىۋان» نىڭ بىر كۆچۈرمە نۇسخىسىنى كۆرگەن. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ «كەشفۇز ـ زۇنۇن» («گۇمانلارنى ئېچىش») ناملىق كۆپ توملۇق ئەرەبچە بىبلىئوگرافىيە كىتابىدا بۇ ئەسەرنى خاتىرىلەپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق يازغان: «مۇھەممەد ئوغلى ھۈسەيىننىڭ ئوغلى مەھمۇدنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› بىر جىلدتۇر. يازغۇچى ئەسىرىنى ئەرەبچە يازغان ۋە تۈرك تىلىنىڭ 18 ھەرپتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدا « ط، ظ، ذ، ح، ﻫ » ھەرپلىرى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئەسەرنى خەلىپە ئەبۇلقاسىم ئەبەيدۇللا ئىبن مۇھەممەد ئەلمۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا ئارمىغان قىلغان.»[①]

كاتىپ چەلەبى بىزگە مەلۇم بولمىغان يەنە بىر نۇسخىنى كۆرگەن دېگەن كۆز قاراش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. چۈنكى، ئۇ قەيت قىلغان كىتاب ئىسمى «دىۋان الغات الترك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)

---

① ئۆلكۈتاشىر: «بۈيۈك تىلچى ـ مەھمۇد قەشقەرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 45 ـ بەت.

شەكلىدە يېزىلغان. بىزگە مەلۇم بولغان نۇسخىنىڭ نامى «كىتاب دىۋان الغات الترك» دۇر. بۇنىڭغا قارىغاندا ۋە ئەقىل بىلەن پىكىر قىلغاندا، قەدىمكى شەرق يازغۇچىلىرى پايدىلانغان «دىۋان»نىڭ نۇسخىسى بىزگە مەلۇم بولمىغان باشقا بىر نۇسخىسى بولسا كېرەك. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك مۇنداق زور ئەھمىيەتلىك كاتتا ئەسەرلەرنىڭ يالغۇز بىرلا نۇسخىسى بار دېيىلسە ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇ نۇسخىلار ئەسلىي نۇسخىغا ئوخشاشلا كېيىن يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بىزگە پەقەت شاملىق كاتىپ ئەبىلفەتھى كۆچۈرگەن نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلارنى سۆزلەپ توختىشىمغا، يەنە بىر ئوقۇغۇچى:

— مۇئەللىم، بۇ نۇسخا قانداق تېپىلغان ۋە بىزگە مەلۇم بولغان؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— شاملىق كاتىپ ئەبىلفەتھى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىش جەريانى ھەقىقەتەن كىشىنى جەلپ قىلىدىغان بىر تارىخ. بۇنى تۈركىيىلىك م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر ئۆزىنىڭ «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى» دېگەن كىتابىدا تولۇق بايان قىلغان بولۇپ، بۇنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي، — دېدىم ۋە يۇقىرىقى كىتابتىكى «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ تېپىلىپ بېسىلىشى» دېگەن مەزمۇننى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

تىل ئىلمى جەھەتتىكى بۇ ئۇلۇغ يادىكارلىقنىڭ يورۇققا چىقىشى ۋە بېسىلىشى ھەققىدە بىزگە ئەڭ توغرا، ئەڭ تەپسىلىي مەلۇمات بەرگۈچى كىلىسلىق ئوقۇتقۇچى رىفات بىلگەدۇر. رىفات بىلگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بېسىلىشىنى نازارەت قىلغان، تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن ۋە بۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بۇ نەشرى ياۋروپا ئىلىم دۇنياسىدا «كىلىسلى نەشرى» دەپ داڭق چىقارغان. بروككېلمان: «كىلىسلى تەرىپىدىن تەييارلانغان بۇ نەشر ماتېرىيالىنىڭ يېڭىلىقى ۋە قىيىنلىقى جەھەتتە ئۆز زامانى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇكەممەل بىر فىلولوگىيە ۋەقەسى ئىدى» دېگەنىدى.

ئۇستازىمىز رىفات بىلگە كېيىنكى زامانلاردا «يېڭى ساباھ»

كېيىنىدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ قانداق تېپىلغانلىقى ۋە قانداق بېسىلغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئەمدى بىز تۆۋەندە رىفات بىلگەنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپ چىقايلى:①

«دىۋانى يولىدا قارا بابا كوچىسىنىڭ بېشىدا ‹دىيار بەكىر قىرائەتخانىسى› ناملىق بىر قىرائەتخانا بىر ئىدى. دىيار بەكىرلىك ئەلى ئەمىر ئەپەندى بۇ يەرنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق خېرىدارلىرىدىن ئىدى. بۇ زات بۇ يەرگە ھەر كۈنى كەچقۇرۇن كېلەتتى ۋە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇراتتى، دوستلىرى بىلەن كۆرۈشەتتى، سۆزلىشەتتى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ پارماقلاپىدىكى ئۆيىگە كېتەتتى.

بۇ ئەپەندى بويتاق ئىدى. ئىشىكىنى ئۆزى ئېتەتتى، ئۆزى ئاچاتتى، ھاياتىنى ئوقۇشقىلا بېغىشلىغانىدى.

ئۇ ھەر خىل ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەن بىللە، كۆپرەك ئوسمانلى تارىخى بىلەن شۇغۇللىناتتى. مېڭىسى قالتىس ئىشلەيتتى. ئوقۇغان ئەرسىلىرىنى ئۇنۇتمايتتى ھەم ئۇنتالمايتتى.

— يۈز مىڭدەك تۈركچە بېيىتنى يادقا بىلىمەن، — دەيتتى ئۇ.

مەن بۇ جەھەتتە ئۇنى بىر قېتىم ئەدەپ بىلەن سىناپ كۆردۈم. قايىسىبىر شائىرنىڭ غەزىلىدىن بىر مىسرانى ئېيتىپ:

— بۇ مىسرا كىمنىڭ بولغىيدى؟ — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى:

— مەندىن ئىمتىھان ئالماقچىمۇ سەن؟ بۇ پالانىنىڭ شېئىرى، ئاخىرى مۇنداق ۋە پۈتۈن شېئىرى مۇنداق... — دەپ يادلاپ بەردى.

بۇ زات چوڭلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى بىلەنمۇ كۆپ شۇغۇللىناتتى. شۇنچە كۆپ ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىنىڭ، ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ، ماشايىخلارنىڭ، ئوسمانلى شائىرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك تەرجىمىھالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭدىن بىرەر ئەرسىنى سورىغان ھامان:

① رىفات بىلگەنىڭ ماقالىسى «بىلگەنلىرىم» دېگەن ماۋزۇدا بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنى ئۆز ئەينى بويىچە بېرىمىز.

— شۇنداق ئىسىملىك ئىككى شائىر بار، سىز قايسىسىنى دەيسىز؟ — دەيتتى ۋە ھەر بىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەيتتى.

بىر ياز كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئاياسوفيا مەيدانىدا دەرەخلىك ئىچىدە كېتىۋېتىپ، ئاياسوفيا ھامماممىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى بۇ ھامماممىنىڭ تارىخىغا ئائىت شېئىرغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنى ئېنىق كۆرەلمەي خېلى تەستە ئوقۇدۇم ۋە خاتىرىلىۋالدىم. شائىرنىڭ ئىسمى ھۇدايى ئىدى. مەن بۇ شائىرنى ئەزىز مۇھەممەت ھۇدايى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. كەچتە قىرائەتخانىدا بۇ ھەقتە ئەلى ئەمىر ئەپەندىگە سۆزلەپ بەردىم.

— رىفات، بىئوگرافىيىدە تېخى ئاجىز ئىكەنسەن، ئازراق تىرىشقىن، ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلگىن، ئىككى ھۇدايى بار، بىرى ئەزىز مۇھەممەت ھۇدايى ھەزرەتلىرى، يەنە بىرى مۇئەززىن زادە ھۇدايىدۇر. بۇ تارىخنى دەل كېيىنكىسى يازغان، — دېدى.

ئۇنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىياتتا يۇقىرى بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىم ۋە بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلىملىرىدىن پايدىلىناتتىم. بۇ زات ھەر كۈنى ئاخشىمى قىرائەتخانىغا كېلىشكىلا ئەتراپىغا تارىخ ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى توپلىشىپ ئالاتتى ـ دە، بۇ يەر خۇددى بىر دەرسخانىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

ئوسمانلى تارىخ جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ئەھمەت تەۋھىد بەي ۋە مەھمەت ئارىف بەي، ئاماسىيا تارىخچىسى ھۈسەيىن ھۇسامەتدىنلەر ئۇنىڭ ئاساسلىق شاگىرتلىرى ئىدى. مەنمۇ سۆھبەتلەرگە قاتنىشاتتىم، بىراق كىچىك شاگىرت بولغىنىم ئۈچۈن پاراڭغا ئارىلاشمايتتىم.

مەن ئەلى ئەمىر ھەققىدە ئۇزۇن بىر تەرجىمىھال يازماقچىمەن. شۇڭلاشقا يەنىلا مەسىلىنىڭ ئۆزىگە كېلەي:

مىلادىيە 1916 ـ يىلى ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى يەنە شۇ قىرائەتخانىغا توپلاندۇق. تارىختىن، ئەدەبىياتتىن ئانچە ـ مۇنچە پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن ئەلى ئەمىر ئەپەندى:

— بەيلەر، ئەپەندىلەر، بۇ كېچە سىلەردىن بىر نەرسە سورايمەن، — دەپ قالدى.

— مەرھەمەت، — دېيىشتۇق. ئۇ:

— «دىۋانۇ لۇغاتت تۈرك» — «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بىر كىتابنى كۆردۈڭلارمۇ ياكى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
دەسلەپتە جاۋابنى مەن بەردىم:
— كىتابنىڭ ئۆزىنى كۆرمىدىم. بىراق كاتىپ چەلەبى بۇ كىتابنى كۆرۈپتۇ ۋە «كەشفۇز زۇنۇن» دېگەن كىتابىدا ئۇ توغرىلىق يېزىپتۇ، — دېدىم.
كېيىن ئارىف بەي ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى «ئەرەبچە تارىخلارنىڭ بىرىدە بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى كۆرگەنىدۇق» دېيىشتى. شۇ چاغدا ئەمىر ئەپەندى فۇزۇلىنىڭ شۇ مىسراسىنى ئوقۇدى:

ئەيلەدىم تەتقىق، كۆرگەن ئادەم يوق شۇ جانانىمنى،

سۆزلەش پۇرسىتى بىزگە كەلگەندى، شۇڭا ھەممىمىز بىر ئېغىزدىن سورىدۇق:
— سىز كۆردىڭىزمۇ؟
بۇ سوئالىمىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ كەتتى، ئۆزىگە خاس قىياپەتتە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كېيىن:
— نېمە دەۋاتىسىلەر، تەڭرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بۈگۈن شۇ كىتابقا ئىگە بولدۇق، — دېدى.
ھەممىمىز ئۇنى تەبرىكلىدۇق. ئۇنى قانداق قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى، كىمدىن ئالغانلىقىنى سورىدۇق.
— ئادىتىم بويىچە ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىتابپۇرۇشلار بازىرىغا بېرىپ، بىرەر نەرسىلەر كېلىپ قالدىمۇ؟ دەپ سورايمەن. تۈنۈگۈنمۇ شۇ يەرگە باردىم. كىتابچى بۇرھان بەينىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ئولتۇردۇم، «بىرەر نەرسە بارمۇ؟» دەپ سورىۋېدىم:
— بىر كىتاب بار، ئەمما ئىگىسى 30 لىرا (30 تىللا) غا ساتىمەن، دەيدۇ. بۇ كىتاب قولۇمغا تەگكىلى ھەپتە بولدى. مەن بۇنى قىممەت باھاغا ئېلىش مۇمكىن، دەپ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئەمرۇللا ئەپەندىگە ئېلىپ باردىم. ئۇ مائارىپچىلار جەمئىيىتىگە ھاۋالە قىلدى. جەمئىيەت تەتقىق قىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىر ھەپتە بېرىپ

تورۇشۇمنى سوردى، مەنمۇ قوشۇلدۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن بارسام «10 لىرا بېرەيلى» دېدى. مەن: «كىتاب مېنىڭ ئەمەس، باشقا بىرىنىڭ، 30 لىرادىن بىر لىرا كەم بولسىمۇ بەرمەيدۇ» دېدىم. ئۇلار: «بىز 30 لىراغا بىر كۆتۈپخانا سېتىپ ئالالايمىز، مەيلى كىتابنى ئالمايمىز» دەپ كىتابنى قايتۇرۇپ بەردى. كىتابنىڭ ئىگىسى بىلەن پۈتۈشكەن ۋاقتىمىز ئەتە توشىدۇ. ئەتىلىككە كىتابنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرمەن. قاراپ بېقىڭ، ئەگەر سىزگە ياراپ قالسا، سىزلا ئېلىڭ! — دېدى.

كىتابنى قولۇمغا ئېلىش بىلەنلا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئۇ ھېلىغۇ 30 لىرا ئىكەن، 30 مىڭ لىراغىمۇ ئەرزىيدىغان بىر كىتاب، دۇنيادا تەڭدىشى، باھاسى يوق بىر تۈرك قامۇسى ۋە گراماتىكىسى، دېگەن. لېكىن، مەن كىتابپۇرۇشنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق، ئۇ ھەددىدىن ئېشىۋېلىپ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالماسلىقى ئۈچۈن خېلى تىرەجەپ باقتىم: قالايمىقان چېچىلىپ كەتكەن بىر ئەسەر ئىكەن، ھەممىسى مۇشۇمىدۇ ياكى كەم ۋاراقلىرى بارمىدۇ؟ يازغۇچى قەشقەرلىك بىرى ئىكەن. بۇ ئادەم زادى كىم، ئۇ نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ بۇلار نامەلۇم، ھېلىقىدەك سېرىق ئۆتۈكلۈك مەھمۇد ئاغا... مەيلى نېمە بولمىسۇن، بىر ئەسەر ئىكەن، مائارىپ نازارىتى 10 لىرا دېگەن بولسا، مەن 15 لىرا بېرەي، — دېدىم.

— ياق، بولمايدۇ، ساڭا دېگەندەك بۇ مېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ بولسا ئىدى، ساڭا بېرىۋېتەتتىم. ئىگىسى چوقۇم 30 لىراغا ساتىمەن، دەيدۇ. ئەگەر ئالمىساڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى كىتابپۇرۇش.

— ئىگىسى كىم؟ — دەپ سورىۋىدىم،

— ياشانغان بىر خانىم، كونا مالىيە نازىرى نازىف پاشانىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرى. پاشا بۇ كىتابنى ئۇ خانىمغا بەرگەندە: «قارا، مەن ساڭا بىر كىتاب بېرىمەن، ياخشى ساقلا! قىسىلىپ قالساڭ كىتابپۇرۇشلارغا ئاپىرىپ سات. 30 ئالتۇن لىراغا يارايدۇ، بىر پۇل كەم بولسا بولمايدۇ!» دەپتىكەن. 30 لىرا دېگەن بۇ سۆز بۇ خانىمنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇلۇپ قاپتىكەن. بولمىسا ئۇ بىر بىچارە خوتۇن ئىكەن،

ئالساڭ بىر ئايالغا قىلغان ياخشىلىقىڭ بولۇپ قالىدۇ، ــــ دېدى.
ــــ شۇنداق، ئەمدى ئىشىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەردى. بىر ئايالغا ياخشىلىق قىلىش ساۋاب. خوپ، قوبۇل قىلدىم، ــــ دېدىم ـ دە، كىتابنى ئالدىم.
لېكىن شۇ زامان: «يېنىمدا ئارانلا 15 لىرا پۇلۇم بار. ئۆيگە بېرىپ پۇل ئەپكىلەي، دېسەم، كىتاب دۇكاندا قالىدۇ، باشقا بىرى كېلىپ كىتابنى سورىسا، كىتابپۇرۇش كۆپرەك پۇل تەمە قىلىپ ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئادەم كىتابنى ئېلىپ كېتىدۇ، كىتابنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ، يېرىمىنى ئەتە بېرەي دېسەم ئۇنىمايدۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە ئىچىمدە، «تەڭرىگە، ماڭا بىر دوست ئەۋەتكىن، ماڭا ياردەم قىلسۇن، مېنى بۇ كىتابتىن ئايرىما!» دەپ يالۋۇردۇم. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن كونا دوستلىرىمدىن دارىلفۇنۇننىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمى فائىك رىشات بەي دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى.[1] ئۇنى دەرھال چاقىردىم ۋە ئاستاغىنە: «يائاللاھ، ماڭا 20 لىرا بېرىپ تۇر» دېدىم. ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ 10 لىرا چىقىرىپ، ماڭا بەردى ۋە «قالغىنىنى ھازىر ئۆيگە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەپكېلەي» دېدى. مەن كىتابچىنىڭ دۇكىنىدا خۇشاللىقىمنى زورىغا بېسىپ ئولتۇردۇم.
بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن فائىك رىشات بەي كەلدى ۋە پۇلنى بەردى. 30 لىرانى كىتابپۇرۇش بۇرھان بەيگە بەردىم. بۇرھان بەي:
ــــ مېنىڭ نېسىۋەم يوقمۇ؟ ــــ دېدىم.
ئۇنىڭغا ئۈچ لىرا چىقىرىپ بەردىم ـ دە، خۇشلاشتىم، دۇكاندىن چىقتۇق. رىشات بەي بىلەن گەپلەشكەچ بازاردىن چىقىپ كەتتۇق. لېكىن، ئارقىمىزغا قاراپ قوياتتىم، چۈنكى «ئەجەبا، بۇرھان بەي كىتابنى ساتقىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلەرمۇ؟» دەپ قورقاتتىم. دېگەن بىلەن ئۇ ئارقىمىزدىن كەلمىدى. ئاخىر «ئۇھ، ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر!» دېدىم.
كىتابنى ئېلىپ ئۆيگە كەلدىم. يېيىشنى، ئىچىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇم. بىر نەچچە سائەت ئانالىز قىلىش بىلەن ئاۋارە بولدۇم.

---

[1] فائىك رىشات بەي ــــ 1851-1924- يىللىرى ياشىغان مۇخبىر ۋە يازغۇچى.

www.uyghurkitap.com

دوستلار، سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى، بۇ كىتاب ئەمەس، تۈركىستان مەملىكىتىدۇر، تۈركىي تىللار بۇ كىتابنىڭ سايىسىدا باشقىچە روناق تاپىدۇ. ئەرەب تىلى ئۈچۈن سەيبىۋەيىنىڭ كىتابى قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، بۇ كىتاب تۈركىي تىللار ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتلىكتۇر. تۈركىي تىللاردا هازىرغىچە بۇنىڭدەك بىر كىتاب يېزىلمىغان. بۇ كىتابقا ھەقىقىي باھا قويۇشقا توغرا كەلسە، جاھاننىڭ خەزىنىلىرى كار قىلمايدۇ.

بۇ كىتاب بىلەن ھەزرىتى يۇسۇپ ئارىسىدا بىر ئوخشاشلىق بار. يۇسۇپنى قېرىنداشلىرى بىر قانچە تەڭگىگە سېتىۋېتىشتى، بىراق ئۇ كېيىن مىسىردا ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ گۆھەرگە سېتىلدى. بۇ كىتابنىمۇ بۇرھان ماڭا 30 لىراغا ساتتى. بىراق مەن بۇنى بىر نەچچە ھەسسە ئېغىرلىقتىكى ئالماس، بىرلىيانتقىمۇ بەرمەيمەن...

ئەمىر ئەپەندى بۇ كىتابنى قولىغا چۈشۈرگەندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن مەست بولۇپ كەتتى. دوست - يارەنلىرىگە، ئۇچرىغانلا ئادەمگە: «مەن بىر كىتاب ئالدىم، ئۇ شۇنداق بىر كىتابكى...» دەپ مەغرۇرلىنىپ سۆزلەپ يۈردى. بۇ خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ، زىياگۆك ئالىپ ئەپەندىگە بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ يۈرگۈرگەن پېتى ئەمىر ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە كىتابنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن، ئەمىر ئەپەندى:

— هازىر كۆرسىتەلمەيمەن. بەلكىم ئىككى ئايدىن كېيىن كۆرسىتەرمەن، — دەپ زىيا بەينى خاپا قىلىپ قويۇپتۇ.

كېيىن زىيا بەي ديار بەكىردىكى مىللەت (خەلق — ت) ۋەكىللىرىدىن ئىككى زاتنى ئەۋەتكەنىكەن، ئەمىر ئەپەندى ئۇلارغىمۇ كۆرسەتمەپتۇ. ئەمدى ئۆزۈمگە كەلسەم، ئەمىر ئەپەندىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇ كىتابنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلمىدىم. ئۇ توغرىدا ھېچ نەرسە دېمىدىم. ئارىدىن بىر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتتى. ئاخىر ئۇ بىر كۈنى ماڭا خەۋەر بېرىپ، بىر كېلىپ كەتسەڭ، دەپتۇ. ئالدىغا باردىم، كىتاب ئوتتۇرىدا تۇراتتى. ئۇ ماڭا كۆرسىتىپ خىتاب قىلدى:

— مانا «تۈركىي تىللار دىۋانى»، مەرھەمەت، ئانالىز قىلىپ باق.

مەن كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدىم ۋە:
— جانابىي ئاللاھ بۇنى نەشر قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن، — دېدىم. بۇ گەپكە ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى.
— بۇ گەپنى باشقىلاردىن ئاڭلىمىدىم. ئىنشائاللا، نەشر قىلدۇرارمىز. تەھرىرلىكنى سەن قىلىسەن، — ئەمىر ئەپەندى شۇنداق دەپ بىر ئۇھ تارتتى، رەڭگى تاتىرىپ كەتتى، كېيىن شۇنداق دېدى: — رىفات، بۇ كىتابنى قانچىلىك ئۇستۇن دېسەڭ شۇنچىلىك ئۈستۈن، شۇنچىلىك قىممەتلىك. لېكىن، بۇنىڭ مۇھىم بىر كەمچىلىكى بار. كىتابنى تۇپلەشتە ئىشلەتكەن يىپلار يېشىلىپ، كىتابنىڭ فورماتلىرى چېچىلىپ، ۋاراقلىرى ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. بېشى بىلەن ئاخىرىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بەتلىرى رەتسىز، بەتلەرنىڭ بېشىدا قويۇلغان نومۇر يوق. كىتاب پۈتۈنمۇ، كەممۇ؟ رەتلەپ چىقىش مۇمكىنمۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىشلار مېنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋاتىدۇ. ئەجابا ئۇ تولۇقمىدۇ؟ ئەگەر تولۇق بولسا نېمىدېگەن بەخت، تولۇق بولمىسا، ۋاي مېنىڭ شورۇم قۇرۇسۇن! ئۇ چاغدا كىتابنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆلگۈچە يىغلىشىم كېرەك. رىفات، سەندىن تىلەي ھەر كۈنى كەل، بىر - ئىككى سائەت بىر كىتاب بىلەن شۇغۇللان. بۇ كىتاب تولۇقمۇ، كەممۇ، بۇنى بىلىپ چىق!
مەن رەھمەت ئېيتىپ، بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىككى ئايغىچە ھەر كۈنى بېرىپ، نەچچە سائەتتىن ئىشلىدىم. كىتابنى ئۈچ قېتىم كۆرۈپ چىقتىم. ۋاراقلارنى ئۇ يەردىن ئېلىپ، بۇ يەرگە قويدۇق، بىر - بىرىگە ماس كەلمىدى، باشقا جايلارغا قويدۇم. سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىغا، مەزمۇنىنىڭ داۋاملىشىشىغا قارىدىم. ئىشقىلىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ئاخىر رەتلەپ چىقتىم. بەتلەرگە نومۇر قويدۇم. كىتابنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇردۇم. ئۇ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتتى. كېيىن:
— مەن كۆرەي، — دېدى. ئىككىمىز بىر قېتىم بىللە كۆرۈپ چىقتۇق، ئۇمۇ قانائەتلەندى.
بۇ ئىش ئۇنى شۇنچىلىك مەمنۇن قىلدىكى، ئۇ خۇشاللىقىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۆيى ئىككى ئېغىز ئىدى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

ماڭا:

— رىفات، بۇ خىزمەتلەرىڭنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۆيۈمنىڭ بىرىنى ساڭا ھەدىيە قىلدىم. قېنى بىز ئىشخانىغا كېتەيلى، — دېدى. مەن رەھمەت ئېيتتىم.

— ئۆيىڭىزدە دائىم ئۆزىڭىز ئولتۇرۇڭ، مەن سىزدىن بۇ كىتابنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن. ماڭا بەرگەن مۇكاپاتىڭىز شۇ بولسۇن، — دېدىم.

— ئىنشائاللا، ئۇ ئىشمۇ بولۇپ قالار، سەل سەۋر قىلىپ تۇر، — دېدى.

دېمەك، ئۇ نەشر قىلدۇرۇشقا رازى ئىدى. لېكىن، نەشر قىلدۇرۇش ئىشىنى چوڭلاردىن بىر ياكى بىر نەچچىسىنىڭ ئىلتىماس قىلىشىنى خالايتتى. چۈنكى، ئۇ چوڭلارنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئىنتايىن خۇشال بولاتتى. ھەتتا كۈندۈزى چوڭلاردىن بىرەرى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قويسا، ئاخشىمى قىرائەتخانىغا كېلىشى بىلەنلا:

— بۈگۈن پالانى بەي ئەپەندى بىلەن ئۇچراشتىم، ماڭا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈردى، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، قولۇمنى سۆيدى، نېمىدېگەن ئالىيجاناب، نېمىدېگەن سەۋىيىلىك ئادەم ـ ھە! — دەپ ئۇ زاتنى سائەتلەرچە ماختاپ كېتەتتى.

زىياگۆك ئالىپ بەيمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانىدى. ئۇ بۇ كىتاب تىلغا ئېلىنسا لەيلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان مەجنۇندەك ئاھ ئۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ بۇ كىتابنىڭ نامىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىتابنى كۆرۈش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرىدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغانلىقنى بىلىپ، بىر كۈنى ئالدىمغا كەلدى. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا شۇنداق گەپ ـ سۆز بولدى:

— بەختلىك رىفات، سەن بۇ كىتابنى ھەم كۆردۈڭ ھەم ئوقۇدۇڭ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، كۆردۈم ھەم ئوقۇدۇم.

— رىفات، مەن سەۋدايى ـ ئاشىق دېگەننى زادىلا بىلمەيتتىم. لېكىن، مەن بۇ كىتابقا ئاشىق بولۇپ قالدىم. كۆرۈش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن بارلىق ئاماللارنى قىلدىم، بولمىدى. مەن ھازىر بۇ كىتابنى

سىتىۋېلىشىنىمۇ، نەشىر قىلدۇرۇشىنىمۇ قەتئىي قارار قىلدىم. بۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى سىنىڭ قولۇڭدا، قېنى سەن ماڭا ياردەم قىل. شۇ كىتابنى قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى. بۇ بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە بەرگەن سوۋغىتىمىز بولسۇن. قېنى، ماڭا بىر چارە تېپىپ بەرگىن.
— توغرا گەپ قىلدىڭ، مەن ھازىر بىر چارە ئويلاپ قويدۇم. بىراق، بۇ چارە ھەم ئوڭاي، ھەم قىيىن، قىلالارسەنمىكىن، بىلمەيمەن.
— يائاللا، تېزرەك سۆزلە، سەن ماڭا ئىشەنگىن، ھازىر پەرھاتقا ئوخشاش تاغلارنى تالقان قىلغۇدەك قۇدرىتىم بار.
— تەلئەت پاشا بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرامسەن؟ ئۇنىڭغا گېپىڭ ئۆتەمدۇ؟
— مەركىزىي ئورگاننىڭ ئەزالىرىدىن بولغانلىقىم ئۈچۈن چاتاق يوق. قېنى، نېمە دېمەكچىسەن؟
— تەلئەت پاشانى ئەلى ئەمىر ئەپەندى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ھەرقانداق چاغدا ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا ماختاپ كېتىدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەن، بۇ كىتاب ئۈچۈن تەلئەت پاشا ئەمىر ئەپەندىگە ئىلتىماس قىلىپ باقسا، ئۇ جەزمەن بېرىدۇ. لېكىن، تەلئەت پاشا ئەمىر ئەپەندىگە ئىلتىماس قىلامدۇ، يوق؟ بۇنى بىلمەيمەن.
— تەلئەت پاشا كەمتەر ئادەم، پەزىلەتلىك ئىنسانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. چوقۇم ئىلتىماس قىلىدۇ. بۇنىڭدا گەپ يوق. بىراق، ئىلتىماس قىلىشنىڭ شەكلى باشقىچە بولسا قانداق؟ تەلئەت پاشا ئەمىر ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بارسا بولمايدۇ. ئۇنى مىنىستىرلىققا ياكى مەركەزگە چاقىرتسىمۇ بولماس، ئەمدى بۇنىڭ چارىسىنى تېپىش كېرەك. قېنى سەندىن تىلەي، بۇنىڭمۇ بىر چارىسىنى تاپقىن!
— مەن بۇ ئىشنى بۇرۇنلا ئويلاپ قويغان، چارىسىنىمۇ تاپقان ئىدىم.
— قانداق چارە؟ دېگىنە قېنى.
— ئەلى ئەمىر ئەپەندى ئەدلىيە نازىرى ئىبراھىم بەي ئەپەندىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى بولسۇن، مەيلى شەخسىي ئىشلىرىنى بولسۇن، بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. ئىبراھىم بەي ئەپەندى ئۇنىڭ ئۆزىنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى

ئۇچۇن ئۇمۇ ئەلى ئەمىر ئەپەندىنى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. كۆرگەنلا يېرىدە ئۇنىڭ قولىنى سۆيىدۇ. بۇ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە ياخشى كۆرۈشنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك؛ ئەلى ئەمىر ئەپەندى ئاخشاملىرى كۆپىرەك ئىبراھىم بەينىڭ كوسكادىكى ئۆيىگە بارىدۇ، قايتىپ كېلىپ بىزگە ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

مەن تاپقان چارە مۇنداق: ھازىر رامزان ئېيى. سەن ئىبراھىم بەيگە دېگىن، بىر كۈنى ئەمىر ئەپەندىنى ئىپتاغا چاقىرسۇن. تەلئەت پاشاغىمۇ ئىلتىماس قىلغىن، شۇ ئاخشىمى تاماق يېيىلىپ بىر سائەتتىن كېيىن ئەلى ئەمىر ئەپەندى چوڭلاردىن بىر نەچچە سەپدىشى بىلەن ئىبراھىم بەينى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسۇن، شۇ يەردە ئىبراھىم بەي ئالدى بىلەن كەلگەن مېھمانلارنى ئەلى ئەمىر ئەپەندىگە تونۇشتۇرسۇن، كېيىن ئەمىر ئەپەندىنى كارامەت چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مېھمانلارغا تونۇشتۇرسۇن، ئۇلارمۇ تەلئەت پاشا باشلامچىلىقىدا «ۋاي مۆھتەرەم ئۇستازىم، ۋاي ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشۋاسى، ۋاي پىشقان تارىخچىمىز... شۆھرىتى دۇنياغا مەلۇم ئەمىر ئەپەندى سىز بولامسىز؟ بۈگۈن بىز بەختلىكمىز، سىزنى كۆرۈش شەرىپىگە نائىل بولدۇق... بىز سىزنى ئاسماندا ئىزدەپ يۈرۈپ، بۈگۈن يەردە كۆردۇق...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئەلى ئەمىر ئەپەندىنىڭ قولىنى سۆيسۇن، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، ئەمىر ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلسۇن، ئەلى ئەمىر ئەپەندى «ئولتۇرۇڭلار!» دېمىگۈچە ئولتۇرۇشمىسۇن. ئولتۇرۇشقاندىن كېيىنمۇ: «ئۇستازىمىز رۇخسەت قىلسا، تارىختىن، ئەدەبىياتتىن بىزگە نامەلۇم بولغان بەزى نەرسىلەرنى سوراپ باقساق» دېسۇن ۋە ئاددىي سوئاللارنى سورىسۇن، جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ رازىمەنلىك بىلەن رەھمەت ئېيتسۇن. بۇ جەريانلار تۈگىگەندىن كېيىن «مۆھتەرەم ئۇستازىمىز، ئاڭلىساق جانابىي ئالىيلىرىڭىزنىڭ قولىدا ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ناملىق قىممەتلىك، ئېسىل بىر كىتاب بار ئىكەن. مەرھەمەت قىلىپ شۇ كىتاب ھەققىدە بىزنى قىسقىچە مەلۇماتقا ئىگە قىلغان بولسىڭىز...» دېيىشسۇن. ئۇندىن كېيىن تەلئەت پاشا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەلى ئەمىر ئەپەندىنى راسا ماختىغاندىن كېيىن «رەھىم قىلسىڭىز، شۇ كىتابنى باستۇرساق، تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىغا تەقدىم قىلساق

بولامدۇ؟ شۇ ھېممىتىڭىزنى بىزدىن ئايىماسلىقىڭىزنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن» دېسۇن. شۇ چاغدا ئۇ كىتابنى چوقۇم بېرىدۇ.

زىياگۈل ئالىپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلە ـ كۈلە قېتىپلا قالدى، خۇشاللىقىدىن ئولتۇرالماي قالدى.

— توۋا قىلدىم، توۋا، نېمىدېگەن ياخشى ۋە نېمىدېگەن ئوڭاي چارە. ئىمانىمغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەنكى، كىتابنى قولىمىزغا ئالدۇق. ساقلاپ تۇر، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ چارىنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئەمىر ئەپەندىنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايسەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئۆتىنچى كۈنى ئاخشىمى ئەمىر ئەپەندى ئادىتى بويىچە دىيار بەكىر قىرائەتخانىسىغا كەلدىم. بۇ كېلىش قانداق كېلىش دېمەمسىلەر، ئۇ داڭقى چىققان قەھرىمانلارغا، جاھانشۇمۇل ئادەملەرگە، پادىشاھلارغا، ئىمپېراتورلارغا نېسىپ بولمىغان بىر خىل كارامەت غالىبلارچە قىياپەتتە كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن پۇتى يەرگە تەگمەيتتى. بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك، پەرىشتىلەرگە «توختاڭلار، ئاسماندا ئۇچۇش ماڭا يارىشىدۇ، مەن ئۇچىمەن، ئەرشئەلاغا چىقىمەن» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن ئەمىر ئەپەندىنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشى، مېڭىشلىرى، ئەتراپىغا قاراشلىرىدىن ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ بولغانىدىم. لېكىن، چاندۇرماستىن ھەر كۈنى ئاخشاملىرىدىكىدەكلا ئولتۇردۇم. ئەمىر ئەپەندى كىرىش بىلەنلا ئۇنى ھەممىمىز قارشى ئالدۇق. ئۇ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى قىلغان سۆزى شۇ بولدى:

— بۈگۈن كەچتىكى چايلار مەندىن! قوبۇل قىلساڭلار، بۇ ئاخشام بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى چاي بىلەن مۇكاپاتلايمەن. بۇ كېچە مېنىڭ زىياپەت كېچەم. بۇ كېچە ئەلى ئەمىرنىڭ قانداق ئەمىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر كېچە!... ـ دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەرنى قىلدى.

بىزمۇ بىر ئېغىزدىن ھەيرانلىق بىلەن:

— ئىنشائاللا، خەيرلىك بولسۇن، ھەر ھالدا يۇقىرى بىر ئورۇنغا

www.uyghurkitap.com

تەيىنلەنگەن بولسىڭىز كېرەك، ــــ دېيىشتۇق.

ــــ مېنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىم ئالدىدا ئەمەل دېگەن قانچىلىك نېمىدى؟ ھاياتىنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقى شەخسىي پەزىلەتنىڭ تەقدىرلىنىشىدە. مانا مەن شۇنداق تەقدىرلەشكە ئېرىشتىم. بۇ شۇنچىلىك يۇكسەك تەقدىركى، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوق!... ــــ ئەمىر ئەپەندى.

ــــ مەرھەمەت، قېنى چۈشەندۇرۇپ بەرمەمسىز؟ ــــ دەپ سوراشتۇق. ئەمىر تەلپىمىزگە بىنائەن سۆزىنى شۇنداق باشلىدى:

ــــ شۇ ئەدلىيە نازىرى ئىبراھىم بەي ئەپەندى ئىنتايىن ئېسىل، ئادەمگەرچىلىكى بار، ئۇلۇغ خانىدانىغا مەنسۇپ بىر زاتتۇر. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن قانچىلىغان شەيخۇلئىسلام چىققان، ئۆزىمۇ ياخشى بىلىم ئالغان، ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ، قەدىرشۇناسلىقنىڭ ئەڭ بىرىنچى ئۈلگىسىدۇر. مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. كۆرگەنلا يېرىدە قولۇمنى سۆيىدۇ. بىرەر ئىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىپ خەت ئەۋەتسەم، خېتىمنى ئالىي پەرماندەك بىلىدۇ. مېنى دائىم ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ. بارمىسام ئالدىمغا كېلىپ رەنجىپ كېتىدۇ.

مانا قاراڭلار، ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام مېنى تەكلىپ قىلغانىدى، بارمىسام بولماس، دەپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كوسكادىكى مېھمانخانىسىغا باردىم. مېنى مىڭ بىر ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى. توپ ئېتىلدى، ئىپتار باشلاندى، ئىپتار قىلدۇق، داستىخاندا مەندىن باشقا ھېچكىم يوق، بىر مەن، بىر ئۇ زات بار. چۈنكى، مېنىڭ قىسىلىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن باشقا مېھمان چاقىرمىغانىكەن.

ئىپتاردىن كېيىن پاراڭغا چۈشتۇق. بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتتۈۋىدى، ئىش باشقۇرغۇچى خادىم: «ئەپەندىم، تەلئەت پاشا قەدەم تەشرىپ قىلدى» دېدى. ئىبراھىم بەي دەرھال مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارنى بىز ئولتۇرغان ئۆيگە باشلىدى. كەلگەنلەر تەلئەت پاشا ۋە ئۇنىڭ بەش ـ ئالتە سەپدىشى ئىدى. مەن ئۇلاردىن يالغۇز تەلئەت پاشانىلا تونۇيتتۇم.

مېھمانلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئىبراھىم بەي ئەپەندى

مېھمانلارنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇش ئۇچۇن كارامەت ئېسىل مەدھىيە سۆزلىرىنى قىلدى.

بۇ مېھمانلار «ئەمىر» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ تەلئەت پاشا باشلامچىلىقىدا بىردىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. دەسلەپ تەلئەت پاشا ئالدىمغا كېلىپ: «ۋاي، ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، مۇبارەك قولىڭىزنى سۆيۈشنى شەرەپ دەپ بىلىمەن، قېنى رۇخسەت قىلىڭ!» دېدى ـ دە، قولۇمنى قايتا ـ قايتا سۆيدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈپ چىقتى.

مەن تۇنۇگۈن ئاخشام ئاز دېگەندە ئوتتۇز ئۈچ قېتىم «ئەستەغپۇرۇللا» دەپ تەكرارلىدىم. مەن «ئەستەغپۇرۇللا، ئەستەغپۇرۇللا...» دېگەنسېرى ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ئېشىپ بارى، قولۇمنى قويۇپ بېرىپ، ئېتەكلىرىمنى سۆيمەكچى بولدى.

بۇ مۇراسىمدىن كېيىن ھېچكىم ئورنىدا ئولتۇرمىدى، ئالدىمدا قول باغلاپ ئۆرە تۇرۇشتى. ئۆزۈمنى خۇددى قانۇنىي سۇلتان سۇلايماندەك ھېس قىلدىم ۋە ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەدەپلىك تۇرۇشلىرى ئالدىدا قىسىلدىم، ئەركىن ـ ئازادە تۇرۇشلىرىنى قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلدىم. ئۇلار ئاخىر ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. مەندىن رۇخسەت ئېلىپ، تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا دائىر نەرسىلەرنى سورىدى، مەنمۇ جۇشەندۇردۇم. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار ماڭا مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىشتى.

بۇنداق سوئال سوراشلار تۈگىگەندىن كېيىن تەلئەت پاشا ئورنىدىن تۇرۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە بەزىبىر مەلۇماتلارنى دەپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەنمۇ بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردىم. مەن ئۇ توغرۇلۇق سۆزلىگەنسېرى ئۇلار ھەيرانۇھەس بولۇشۇپ كېتىشتى. كېيىن ھەممىسى مۇنداق بىر كىتابقا ئىگە بولغانلىقىم ئۇچۇن مېنى تەبرىكلەشتى.

تەلئەت پاشا ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

ـــ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، پەزىلىتىڭىز ئالدىدا سۆز قىلىشقا خىجالەتمەن. بىراق، رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سورايمەنكى، كىتابلارنىڭمۇ ئادەملەرگە ئوخشاشلا مەلۇم دەرىجىدە ئۆمرى بولىدۇ. بۇ

www.uyghurkitap.com

كىتاب مىڭلارچە يىل ياشىيالمايدۇ. چىرىيدۇ، بۇزۇلىدۇ، ئۆچۈپ كېتىدۇ. كىتابلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇرۇنلاردا كۆچۈرۈش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەنىكەن. لېكىن، بۇنىڭمۇ پايدىسى چەكلىك. مەدەنىيەت بۇنىڭ يېگانە بىر چارىسىنى تاپقان، ئۇ بولسىمۇ باسما ئۇسۇلى. بېسىلىش يولى بىلەن بىر كىتاب مىڭ، ئون مىڭ، يۈز مىڭ بولىدۇ. ئاڭلىساق، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك كىتاب ئىكەن، ئۇنداقتا رۇخسەت قىلسىڭىز، بۇ كىتابنى ھەممىدىن بۇرۇن باستۇرايلى. باش تەرىپىگە نامۇ شەرىپىڭىزنى يازايلى، پۈتۈن دۇنياغا تارقالسۇن. جاھان سىزدىن مىننەتدار بولسۇن، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى بىزدىن ئايىمىسىڭىزمۇ، — دېدى.

— مەن بۇ تەكلىپىڭىزنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن. لېكىن، ئىككى شەرتىم بار. بىرى، مەن بۇ كىتابنى پەقەت كىلىسلىق مۇئەللىم رىفات ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ بېرەلەيمەن. كۆچۈرۈش، تەھرىرلەش ئىشلىرىنى ئۇ قىلسۇن. ئۇ كىتابنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ. كىتابنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلالىغىنىدەك، كۆچۈرۈش ۋە تۈزىتىشتىمۇ دىققەت قىلالايدۇ. ئۇنى باشقا بىرىگە بېرەلمەيمەن. ئىككىنچى شەرتىم شۇكى، بۇنى رىفاتقىمۇ تاپىلاپ قويىمەن، كىتاب ئۇنىڭ ئۆزىدە قېلىشى، ھەرقانداق كىشىگە بېرىلمەسلىكى لازىم، — دېۋىدىم، بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تەلئەت پاشا:

— خوپ، بولىدۇ! — دېدى ۋە شەرتلەرگە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ماڭا قاراپ، — ئۇلۇغ ئۇستاز، ھازىر نېمە ۋەزىپىدە سىز؟ — دەپ سورىدى.

— مالىيە باشقارمىسىدىن پېنسىيىگە چىققانىمەن، — دېدىم.

— ياق، زادىلا بولماپتۇ. سىزدەك ئىقتىدارلىق، تەجرىبىلىك ۋە پەزىلەتلىك بىر زاتنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىغا كۆڭلۈم زادىلا ئۇنىمايدۇ. ئەلھەمدۇلىللا شۇكۇر، سالامەتلىكىڭىز ياخشى، يەنە خېلى يىللار ئىشلىيەلەيسىز. ئۇستازىم، قېنى ئېيتىڭا، كاسسىرلىقنىمۇ، ۋالىيلىقنىمۇ، نازىرلىقنىمۇ، قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىنىمۇ، قايسى خىزمەتنى قىلىشنى خالايسىز؟ مەرھەمەت، ھازىرنىڭ ئۆزىدە خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىمەن.

— مەن مىللىتىم ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمىتىمنى قىلدىم. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆز تىلىكىم بىلەن پېنسىيىگە چىقتىم. ھازىر نەزىرىمدە ھېچقانداق ئەمەلنىڭ قىممىتى يوق. ياخشى نىيىتىڭىزگە، ھۆرمىتىڭىزگە تەشەككۈر.

ئۇلار بۇ سۆزلىرىمنى بەك ياخشى، دەپ بىلىشتى. ئاخىر ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ قېلىشتى. مەنمۇ ئىبراھىم بەي ئەپەندى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىدىن ئايرىلدىم.

ئىبراھىم بەي ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئەمىر ئەپەندى ماڭا خىتاب قىلدى:

— ئەتە مېنىڭكىگە بېرىپ كىتابنى ئېلىۋالغىن، لېكىن شەرتنى ئۇنتۇپ قالما، — دېدى.

مەنمۇ ئەتىسى تاڭ سەھەر بېرىپ كىتابنى ئالدىم. كىتابنى ئالغاندىن كېيىن زىياگۆك ئالىپ بەيگە خەۋەر بەردىم. ئۇ كەلدى، كۆرۈشتۇق. ئۇ:

— بۇ تىلسىمنى بۇزۇۋەتتۇق، خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتۇق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ كۈلۈشكە باشلىدى. كېيىن، — ئەمدى كىتابنى كۆرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ۋاي ئاللا، ئىش چىقىرىپ قويمايلى، كىتاب چىققاندىن كېيىن ئوقۇسىڭىزمۇ بولار، — دېۋىدىم، رازى بولدى.

مەن شۇ زامان بىر لايىھە تۈزۈپ چىقتىم، مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقىغا بېرىپ، لايىھەمنى كۆرسەتتىم.

شۇ كۈنى، شۇ سائەتتىلا مەتبەئەگە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. بۇ كىتابنى بېسىش ئۈچۈن تۆت نابورچىك بەلگىلەندى، ئىش باشلاندى.

كىتاب ماڭا تاپشۇرۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن تەلئەت پاشا ئىشەنچلىك بىر زاتتىن ئەلى ئەمىر ئەپەندىگە 300 لىرا (300 ئالتۇن تەڭگە) بىلەن بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. خەتتە: «زاتى ئالىيلىرىڭىزغا ئازراق بولسىمۇ مۇكاپات ئورنىدا 300 لىرا ئەۋەتتىم. قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن» دېيىلگەن بولۇپ، تەلئەت پاشانىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغانىكەن.

www.uyghurkitap.com

خىزمەتچى خەت بىلەن پۇلنى ئەلى ئەمىر ئەپەندىگە ئاپىرىپ بەرگەنىكەن، بىراق ئەمىر ئەپەندى قوبۇل قىلماپتۇ ۋە بىر پارچە خەت يېزىپتۇ قايتۇرۇۋېتىپتۇ. خەتتە: « ياخشى كۆڭلىڭىزگە، قەدرىمگە يەتكىنىڭىزگە رەھمەت. لېكىن، پۇلنى قوبۇل قىلالايمەن. چۈنكى پۇلنى قوبۇل قىلسام ۋەتەنگە، مىللەتكە قىلغان كىچىككىنە بىر خىزمىتىم ئۈچۈن ھەق ئالغان بولۇپ قالىمەن. بۇ مېنىڭ ۋىجدانىمغا تېگىدىغان بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىللە پۇلنى قايتۇرۇۋەتتىم. سىز بۇ پۇلنى ياردەمگە موھتاج بولغان بىر نەچچە نومۇسچان ئائىلىگە تارقىتىپ بەرسىڭىز، تەڭرىمۇ مەن سىزدىن رازى بولغاندەكلا رازى بولىدۇ. بۇ سەدىقىنىڭ ئىسمى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى سەدىقىسى› بولسۇن.» دەپ يېزىپتۇ.

ئەمىر ئەپەندى بىزگە بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

— قاندان، قىلغان ئىشلىرىم سىلەرگە ياقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ئىشنى بىز ياقتۇرغاندەك تەڭرىمۇ ياقتۇرىدۇ، — دېيىشتۇق ھەممىمىز بىردەك، شۇنداقلا ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتتۇق.

كىتاب بېسىلىشقا باشلىدى. مەن ھەر كۈنى مەلۇم قىسمىنى يېزىپ بېرەتتىم. ئەمما، ئىچىمگە بىر خىل قورقۇنچ چۈشۈپ قالدى: «بۇ كىتاب دۇنيادا بىرلا دانە، ئىككىنچى بىر نۇسخىسى يوق. رەسمىگە ئېلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بىر مۇنچە بېتى كونىراپ كەتكەنلىكتىن رەسىمگە ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ كىتابنى ئۆيۈمدە قانداقمۇ ساقلارمەن؟ ياۋائاللا، تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، مەن ئۆيدە يوق چاغدا ئۆيۈمگە ئوت كەتسە قانداق قىلىمەن؟ مۇبادا ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ، نەرسە ـ كېرەكلەر بىلەن بىللە بۇ كىتابنىمۇ ئوغرىلاپ كەتسە، ھۆكۈمەتكە نېمە دەيمەن؟ ئەڭ ياخشىسى، بۇنى ئۆيۈمدىنمۇ ئىشەنچلىك باشقا بىر يەرگە ئاپىرىپ قوياي» دەپ ئويلىدىم. ئۇنى ئالدى بىلەن ئاممىۋى كۇتۇپخانىغا ئېلىپ باردىم. ئۇ يەرنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەپەندىگە ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم.

— بۇ كىتابنى ساقلاپ بېرىڭ، مەن كېلىپ مۇشۇ يەردە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ بېرەي، — دېۋىدىم، ئۇ مەرھۇم قورقۇپ كەتتى.

— توۋا دېگىن قېرىندىشىم، مېنى مۇنداق خەتەرلىك ئىشقا

يولاتما، بىزنىڭ كۇتۇپخانىمىزغا كۈندە نۇرغۇن ئادەم كېلىدۇ. ئىچىدىن بىرەرى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ كىتابنى ئوغرىلاپ كەتسە، مەن قانداق قىلىمەن؟ بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىل. مەن بۇ كىتابنى ساقلاپ بېرەلمەيمەن، ـــ دەپ تۇرىۋالدى.
كىتابنى شۇنىڭدىن كېيىن «ۋاپا» مەكتىپىگە ئېلىپ باردىم. ئۇنى شۇ يەردە ساقلاتماقچى بولدۇم ـــ دە، مەكتەپ مۇدىرى ئاقىل بەيگە ئەھۋالنى چۈشەندۇردۇم.
ـــ يائاللا، توۋا، بۇ نېمە گەپ؟! ـــ دېدى ئۇمۇ.
ئۇ يەردىن چىقىپ، مائارىپ بوغالتىرىيە بۆلۈمىگە باردىم، كاسسىر ستتقى بەيىنىڭمۇ تۆمۈر ساندۇقى بار ئىدى. كىتاب شۇ يەردە قويماقچى بولدۇم. ئۇمۇ «ئاللا توۋا» دەپ، ئېلىپ قالغىلى ئۇنىمىدى.
ئۇ يەردىن چىقىپ كىتابنى دۆلەتلىك باسمىخانىنىڭ تۆمۈر ساندۇقىغا ساقلاتماقچى بولۇپ شۇ يەرگە باردىم. مۇدىر هامۇت بەي:
ـــ ۋاي، نېمە دەۋاتىسىز؟ بىزنىڭ باسمىخانا پۈتۈنلەي تاختاي، تۇيۇقسىز ئوت كېتىپ، كىتاب كۆيۈپ كەتسە مېنى دارغا ئاسسۇن دەمسىز؟ مەن ئۇنى زادىلا قوبۇل قىلالايمەن، نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ! ـــ دەپ تۇرىۋالدى.
ئەمدى مەن بېرىپ يېلىنىدىغان يېرىم قالمىغانىدى. ئاخىر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ شۇنداق بىر چارە تاپتىم.
پۇختا بىر سومكا ئالدىم، كىتابنى سومكىغا سالدىم، بالىلىرىم دائىم بولىدىغان ئۆينىڭ تېمىغا يوغان بىر مىخنى قاقتىم ـ دە، سومكىنى ئۇنىڭغا ئاستىم، بالىلارغا:
ـــ كۆزۈڭلار مۇشۇ كىتابتا بولسۇن، قوشنىلارنىڭكىگە ياكى باشقا بىر ئىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە، بىرىڭلار چوقۇم ئۆيدە قېلىپ بۇ كىتابنى ساقلاڭلار. سىرتقا زادىلا چىقمىساڭلار بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالسا، سومكىنى بىللە ئېلىپ چىقىڭلار، لېكىن قولۇڭلاردىن ئاجراتماڭلار، قوشنىڭلارنىڭكىدە ئولتۇرۇپ قالساڭلارمۇ سومكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇڭلار. مەن ئۆيدە يوق چاغدا مۇبادا ئۆيىمىزگە ئوت كېتىپ قالسا، ئۆيدىكى باشقا نەرسىلەرنى قۇتقۇزىمەن، دەپ يۈرمەي، دەرھال سومكىنى ئېلىپ تاشقىرىغا قېچىڭلار. بۇ كىتاب ئامان قالسىلا

بولغىنى، باشقا ئىشلاردىن ئەندىشە قىلماڭلار، ئورۇن ـ كۆرپە، نەرسە ـ كېرەكلەر كۆيۈپ كەتسىمۇ مەيلى، ــــ دەپ تاپىلىدىم.

كېچىلىرى سومكىنى بېشىمغا قويۇپ ياتتىم. مانا شۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە بىر يېرىم يىلنى ئۆتكۈزدۈم. كىتابنى ساق ـ سالامەت ساقلىدىم. تەڭرىگە مىڭ شۈكۈر، ئۆز ئىگىسىگە شۇ پېتى تاپشۇرۇپ بەردىم.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ تومى چىقىپ، 2 ـ تومىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندى. بىر كۈنى ئاخشىمى يەنە ھېلىقى قىرائەتخانىدا ئەلى ئەمىر ئەپەندى ماڭا پىچىرلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ــــ ياۋروپالىق بىر شەرقشۇناس بۇ كىتابنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، بېسىلغان تومىنى ئوقۇپتىكەن، بەكمۇ ياراپ كېتىپتۇ. ئۇنى بەكمۇ ماختاپ كېتىپتۇ. ئۇ كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا تۇنۇگۈن ئالدىمغا كەلدى. ماڭا ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆرسەتكىن، دەپ كۆپ ئۆتۈندى، ئۇ ئەتە ئەتىگەندە يەنە كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى يىرالمىدىم. ئۇ ئىلمىي ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلدىم، ماقۇل بولدۇم، ئۇ ئاجايىپ بىر ئادەم ئىكەن. ساقلاپ تۇر، دېسەم ئۇنىمىدى. سەن ئەتە ئەتىگەن كىتابنى ماڭا ئەكىلىپ بەرگىن، چۈشتىن كېيىن كېلىپ ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

ئەمىر ئەپەندى بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەن بىر نەچچە يىل جەريانىدا يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن سۆزلىرىگە ئىشەندىم. ئەتىسى ئەتىگەندە كىتابنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىگە بەردىم:

ــــ چۈشتىن كېيىن كېلىپ ئېلىپ كېتەي، ــــ دېيىشىمگىلا ئۇ شىرەدەك ھۆركىرەپ كەتتى:

ــــ كىتابنى دەمسەن؟ ئۇنى ئەمدى زادىلا كۆرەلمەيسىلەر. قولاق سېلىپ ئاڭلا، دەپ بېرەي، ــــ دەپ گېپىنى باشلىدى ئەمىر ئەپەندى، ــــ سىڭلىمنىڭ بىر كۈيئوغلى بار، ئىسمى بەسرى بەي، قىر شەھەردە سانجاغىدا[1] كاسسىر ئىدى. ئۇنى ناھەق خىزمىتىدىن بوشىتىۋېتىپتۇ.

---

[1] سانجاغ ــــ بۇرۇنقى ۋىلايەت بىلەن ناھىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل مەمۇرىي ئورگان، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ئۇ كېلىپ ئەھۋالنى ماڭا دېدى. گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇۋۇالچىلىق بولغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، مالىيە مەسلىھەتچىسى تاھسىن بەيگە بىر خەت يېزىپ، بەسرىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدىم.

ئۈچ كۈن ئۆتتى، ئەمما ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىدىم. ئاخىر بۇ كىتابنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ھېلىقىدەك باھانىنى ئويلاپ تاپتىم ۋە ساڭا يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولدۇم. تەڭرىم مېنى كەچۈرسۇن. ھازىر ساڭا يۈكلەنگەن ۋەزىپە شۇ: مائارىپ نازىرى (مىللىي مائارىپ مىنىستىرى) شۈكرى بەينىڭ[1] ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى ئۆز ئەينى چۈشەندۈرسەن. ئۈچ كۈنگىچە بەسرى بەينىڭ ئۆز ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مېنىڭ نامىمدىن ئىلتىماس قىلىسەن، ئۈچ كۈنگىچە ئىشنى ھەل قىلىپ بەرمىسە، تۆتىنچى كۈنى بۇ كىتابنى ئوچاقتا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت مېنى بەيازىت مەيدانىدا دارغا ئاسىدۇ. دارغا ئېسىلسام نېمە بوپتۇ. ئېسىلساممۇ پۇشايمان قىلمايمەن، ئاخىر ئارقامدىن قالىدىغان ھېچكىمىم يوق.

ئۇستازىمنى ئاچچىقىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن خېلى ئاۋارە بولدۇم، پايدىسى بولمىدى. ئۇ بارغانسېرى غەزەپلىنىپ كەتتى. يەنە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئاخىر ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، ئۇدۇل شۈكرى بەينىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋاللارنى تولۇق سۆزلەپ بەردىم.

شۈكرى بەي كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— مەن تېخى سېنى ئەقىللىق كىشى، دەپ ھېسابلاپتىمەن. سەن ئەخمەقلەرنىڭ ئەخمىقى ئىكەنسەن، نېمىدېگەن قابىلىيەتسىز ئادەمسەن. سەن مۇئەللىم بولۇش ئۈيىقتا تۇرسۇن، ئىشىك باقارمۇ

---

[1] شۈكرى بەي 1913- يىلىدىن 1918- يىلىغىچە تۈركىيە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. ئۇ تىرىشچان كىشى بولۇپ، ئىلغار پىكىرلىك ئىسلاھاتچىلاردىن ئىدى. تۈرك مەدەنىيىتىگە دائىر كۆپلىگەن قىممەتلىك كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان، كىتاب يېزىش ـ تەرجىمە قىلىش كومىتېتى قۇرغان. ئۇنىڭغا 1926- يىلى «ئىزمىر سۇيىقەستىگە قاتناشتى» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

بولالمىغۇدەكسەن، شۇنىمۇ ئويلىيالمىدىڭمۇ؟ كىتاب سېنىڭ قولۇڭدا، كىتابنى سەن سېتىپ ئالمىغان، ئەمىر كىتابنى سەندىن سورىغاندا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ياكى تەلئەت پاشانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتساڭ بولمامتى؟ ئەمدى قانداق قىلساڭ قىلىپ كىتابنى قۇتۇلدۇرۇپ بولمىسا ھازىرلا ئىشىڭدىن بوشىتىمەن، ھەرگىز مائارىپ ساھەسىگە يولاتمايمەن.

ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئىنتايىن قوپال، جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان، يۈرەكلەرنى مۇجۇيدىغان گەپلەرنى قىلدى. جاۋاب بېرىش پۇرستى ماڭا كەلگەندە شۇنداق گەپلەرنى دېدىم:

— بەي ئەپەندى، بارلىق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم. بىلىپ قويۇڭكى، مەن ئەيىبكار ئەمەسمەن. لېكىن، كىتابنى مەن ئالالمايمەن. ئۇنى سىزلا ئالالايسىز. قاراڭ، ئەپەندى كىتابنى بەرمەيمەن، دېمىدى، بەسرى بەينىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرسىلا بېرىمەن، دېدى، ئەمدى سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئۇنىڭ تەلىپىنى جاۋىت بەيگە دەپ بېقىش ياكى تەلئەت پاشاغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشتىنلا ئىبارەت. بەسرى بەينى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىشقا قويسۇن ـ دە، بىزمۇ كىتابنى ئالايلى. كىتابنى ئالغاندىن كېيىن مېنى ئىشتىن بوشاتسىڭىز بوشىتىڭ. جانابىي ئاللاھ باركى، باشقا يەردە ئىشلەپمۇ كۈنۈمنى ئالالايمەن.

ئۇ يەردىن چىقىپ، مالىيە مەسلىھەتچىسى تاھسىن بەينىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇنىڭغا بولغان ۋەقە ۋە شۇكرى ئەپەندىمنىڭ ئۇلتىماتومى ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم.

— نازىر بەي بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ئامالىنى قىلاي، ئەتە ماڭا يولۇققىن، — دېدى تاھسىن بەي.

ئەتىسى تاھسىن بەيگە يولۇقتۇم. ئۇ مېنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئەمىر ئەپەندى توغرا دەپتىكەن، بەسرى بەي ناھەق ئىشتىن بوشىتىلغانىكەن. ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قارار چىقىرىلدى، بۇيرۇق ئورۇندالدى، ئەتىلىككە ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىپ ئىشقا ئەۋەتىمىز، — دېدى.

ھەقىقەتەن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مالىيە نازارىتىدىن بەسرى بەينى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى پۇلى بېرىپتۇ ۋە ئىشقا چۈشۈش

لازىملىقنى ئۇقتۇرۇپتۇ.
كېيىن بەسرى بەي كېلىپ ئەھۋالنى ئەمىر ئەپەندىگە ئېيتتى. ئۇ يەدە مەنمۇ بار ئىدىم. مەن شۇنداق دېدىم:
ــــ بەك ياخشى بوپتۇ، بۇ ئىش شۇنداق پۇتۇپتۇ، دېگەنلىرىڭىز ئورۇندىلىپتۇ. ئەمدى ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىپ كىتابنى بېرەرسىز؟
ئەمىر ئەپەندى گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە شۇنداق دېدى:
ــــ سىياسىئونلار كۆپ ئىشلارنى بىلىدۇ. بەلكىم بۇ مېنى ئالداش ئۈچۈن ئوينالغان ۋاقىتلىق بىر ئويۇندۇر. كىتابنى ئېلىشقا سەل تەخىر قىلىپ تۇر. بەسرى بەي ئورنىغا بېرىپ ئۇستىلىدە ئولتۇرسۇن، ئىشقا چۈشسۇن. كىتابنى «ئىشقا چۈشتۇم» دەپ ماڭا تېلېگراممىا ئەۋەتكەندە بېرىمەن.
ئىلاجسىز ماقۇل بولدۇم. بەسرى بەي كەتتى. تېلېگراممىا كەلدى. مەنمۇ كىتابنى ئالدىم. بىراق، شۈكرى بەيدىن ئىشىتكەن ئاچچىق سۆزلەرنى ھازىرغىچە ئۇنتالمايمەن. شۇنداق، ئەگەر ئۇ كېيىنچە كۆڭلۈمنى ياساش ئۈچۈن ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويغان بولسا ئىدى، بەلكىم ئاچچىقلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتىم. ئۇ ئۇنداقمۇ قىلمىدى. ئۇ ئەلەملەر قەلبىمگە سىڭىپ كەتتى. ھازىرمۇ ئۇ ئىشلار خىيالىمغا كەلسىلا ئازابلىنىمەن.
كىتاب ئەسلىي ئاساسەن بىر توم ئىدى. مەن بۇ كىتاب قانداق بولۇپ كېتەر، دەپ ئەنسىرىگەنلەرنى غەمدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن ئۈچ توم قىلىپ ئىشلەپ چىقتىم. كىتابتا ئەسلىي باش قۇرلار ئايرىلمىغانىكەن. مەن باش قۇرلارنى ئايرىپ ئوچۇق كۆرسەتتىم ۋە بۇ لۇغەتنى يېڭى زامانىڭ ئۇسۇلى بويىچە باستۇردۇم. كىتابنىڭ ئەرەبچىلىرى زىر - زەۋەرلىك ئەمەس ئىكەن، مەن ئۇلارغا زىر - زەۋەرلەرنى قويدۇم. ئەسلىي تۈركچىسىدە زىر - زەۋىرى بولغانلارنى ساقلاپ قالدىم. ھەتتا بەزى ھەرپلەرنىڭ ئۇستىگە قوش زىر - زەۋەرلەر قويۇلغان بولسا، ئۇنىمۇ ئەينەن ئالدىم.
خۇلاسە قىلغاندا، كىتاب ئەسلىگە ئوخشاش بولۇپ چىقتى. لېكىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى توم ياخشى بېسىلمىدى. چۈنكى مەتبەئە ھەرپلىرى كونىراپ كەتكەچكە، چېكىتلەر، زىر - زەۋەرلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆپىنچىسى ياخشى چىقمىدى ياكى پوتونلەي چىقماي قالدى. ماشىنىستلار ھەر بىر ۋاراق ئۈچۈن ئىككى ـ ئۈچ سائەتلەپ ئىشلىدى. بىر قانچە قېتىم تۈزىتىپ چىقتى. بۇ جەرياندا مەنمۇ ماشىنىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدىم.

ئىككىنچى توم بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۈچىنچى تومنىڭ پوتونلەي ناچار بېسىلىدىغانلىقنى ئويلىدىم ۋە ئۈچىنچى تومنىڭ بىرىنچى باسما تاۋىقى ماشىنىغا قويۇلۇشى بىلەن باش ماشىنىستقا:

— بۇ بېسىش ماشىنىسىنىڭ تولۇقىغا قېلىنىراق بىر نەرسە ئوراڭلار، — دېدىم.

— خوپ، ئەپەندى، بىراق ئۇنداق قىلساق ھەرپلەرنىڭ ھەممىسى تېز ئۇپراپ كېتىدۇ، ھەرپلەر بۇزۇلۇپ، ياپىلاق بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا مېنى باسمىخانىدىن ھەيدەيدۇ ۋە ھەرپلەرنى تۆلىتىدۇ، — دېدى باش ماشىنىست. مەن:

— قورقما، مەن بۇ يەردە قاراپ تۇرىمەن، سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايمەن، — دېدىم.

دېگەندەك ماشىنىنىڭ تولۇقلىرىغا رېزىنكە ئوراپ، قاتتىق بېسىلغۇدى، باسما تاۋاقلارنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتتى.

بۇ ئىش مۇدىر ھامىت بەيىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىكەن، ئۇ شۇ ھامان يېتىپ كېلىپ، مېنى تەنقىدلەشكە باشلىدى:

— ئەپەندى، تۆلەي بېرەي، — دېدىم ۋە شۇ ھامان مائارىپ نازارىتىگە يۈگۈردۈم، ئۇلارغا ئىشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم.

شۇكرى بەي بۇ قېتىم ماڭا ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. ئۇ:

— ياخشى قىپسىلەر، ھازىر ھامىت بەيگە تېلېفون بېرىمەن. يېڭى ھەرپلەر ئالسۇن، بېسىلغان ئىككى تومنى مەنمۇ ياقتۇرمىدىم. كېيىنچە، ئۇ ئىككى تومنىمۇ قايتىدىن باستۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن. بولدى، ئەندىشە قىلما، — دېدى.

ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن يېڭى ھەرپلەر كەلدى. كىتاب بېسىلىشقا باشلىغاندا مىللىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى كىتابنى مېنىڭ تەرجىمە قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى.

كىتابىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆرنەك قىلىپ تەرجىمە قىلىپ، ئۇلارغا ئاپىرىپ بەردىم، ئۇلار ئوقۇپ كۆرەيلى، دېيىشتى ۋە ئوقۇشتى، تەرجىمەمنى كۆرگەندىن كېيىن زىياگۆك ئالپ بەي نارازى بوپتۇ. ئۇ: «رىفات كىتابىنىڭ ئەسلىسىگە ئەمەل قىلماپتۇ. بۇ سۆزنىڭ زىر ـ زەۋەرلىرى ئەسلىي مۇنداق ئىدى، باشقىچە بولۇپ قاپتۇ...» دېگەندەك پىكىرلەرنى يېزىپ، «مەن كىتابىنىڭ ئەينەن تەرجىمە قىلىنىشىنى خالايمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللىي تەتقىقات ھەيئەت ئورگىنى زىيابەينىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە داۋاملىق تەرجىمە قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نى بىر تەرەپتىن كۆچۈرۈپ يېزىپ، بىر تەرەپتىن تۈزەتكەنلىكىم ۋە باسمىخانىدا كۆپ ئاۋارە بولۇپ ۋاقتىم كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدىم. لېكىن، كىتاب بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، تەرجىمە قىلىشقا ۋاقىت چىقاردىم. ئاخىر تەرجىمە قىلىپمۇ تۈگەتتىم. تەرجىمىسى 22 دەپتەر بولدى.

ئۇنى تەرجىمە قىلىپ تۈگەتكەن ۋاقتىم بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىغا توغرا كەلدى. بۇ چاغدا مىللىي تەتقىقات جەمئىيىتى تارقىلىپ كەتكەنىدى. بۇ كىتاب باسىدىغان زامانلار ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ ياتتىم.

كېيىن پەيلاسوپ رىزا تەۋپىق بەي ئەپەندىنىڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ زاتنىڭ بۇ كىتابقا يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن بىر كۈنى دەپتەرلەرنى قولتۇقلاپ مائارىپ نازارىتىگە باردىم ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا كىردىم. نازارەتتىكى ئادەملەرنى تونۇساممۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇم ئۈچۈن مەغرۇرلانمايتتىم.

نازىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، دەپتەرلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدۇم. ئۇنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇردۇم. رىزا تەۋپىق ئەپەندى بىر دەپتەرلەرگە، بىر ماڭا قاراپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— كىلىسلىق مۇئەللىم رىفات بولىمەن، — دېدىم.

www.uyghurkitap.com

— توغرا، ئىسمىڭىزنى ئاڭلىغانلىقىم يادىمدا. خوپ، بۇ نېمە دەپتەرلەر؟

— «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تەرجىمىسى.

— بۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىڭىز، نېمە قىلماقچىسىز؟

— بۇ ئەسەرنى مائارىپ نازارىتى ئالىي باشقارمىسىغا بەرمەكچىمەن.

— سىز بۇ تەرجىمىنى ئۆزلۈكىڭىزدىن قىلدىڭىزمۇ ياكى بىرەر بۇيرۇق بويىچە قىلدىڭىزمۇ؟

— نازارەتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قىلغانمەن.

— ياخشى، لېكىن سىزگە بۇيرۇق چۈشۈرگەن نازىر بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەتكەن.

— شۇنداق، باشقا يەرگە كېتىپ قاپتۇ. بىراق، ئىدارىسى ئۆز جايىدا، جانابىڭىزغا مەلۇمكى، باشلىقلارنىڭ سۆزلىرى ئىدارىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر نازىر يۆتكىلىپ كېتىپ، ئورنىغا باشقا بىرى كېلىش بىلەن ئىدارە نامىدا سۆزلەنگەن سۆز، قىلىنغان توختاملار بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. دېمەك، مائارىپ نازارىتى ئالىي باشقارمىسى ماڭا بۇ ئىشنى قىلىشنى بۇيرۇغان، مەنمۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدىم. ئەسىرىمنى قوبۇل قىلىش نازارەتنىڭ، شۇنداقلا جانابىڭىزنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

نازىر سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ:

— قالتىس ئۇستا مەنتىقچى ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدىم مەنمۇ، — مەن كىلىسلىق ئادەم، مەنتىقىنىڭ ئۇۋىسىدىن چىققانمەن. ئىستانبۇلدا، ئاناتولىيىدە ۋە ھەرقايسى جايلاردا دىپلوم ئالغان ئالىملار كىلىسقا مەنتىق ئۆگىنىش (پراكتىكا) ئۈچۈن بېرىشىدۇ.

— بوپتۇ، بۇنى قوبۇل قىلدىم. بىراق، سىزگە بەرگۈدەك پۇل بارمۇ، يوق، قاراپ باقايلى.

— كاسسىردىن سوراپ كۆرۈڭ ئەپەندىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كاسسىرنى چاقىردى ـ دە:

— ھازىرلا ھېساب دەپتەرلىرىگە قاراپ چىقىڭ، ھەر خىل

ئېھتىياجلىق خىراجەتلەرگە سەرپ قىلىندىغان پۇللاردىن ئېشىپ قالغىنى بارمۇ، يوق، بولسا قانچىلىك بار؟ ماڭا دوكلات قىلغىن، ــــ دېدى.
كاسسىر چىقىپ كەتتى. كېيىن كىرىپ:
ــــ قولىمىزدا نەق 120 لىرا پۇل بار ئىكەن، ــــ دېۋىدى، باشلىق بۇ قېتىم ماڭا قاراپ:
ــــ قانداق قىلىمىز، تەلىيىڭىزگە ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك پۇلىمىز بار ئىكەن. بۇ پۇلغا ماقۇل دەمسىز؟ ــــ دەپ سورىدى.
ــــ رەھمەت ئېيتىپ ماقۇل دەيمەن، ــــ دېدىم.
باشلىق شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەسئۇل خىزمەتچىگە بۇيرۇق قىلدى:
ــــ بىر ھۆججەت يېزىڭ، بۇ ئەسەرنى 120 لىراغا ئېلىڭلار ۋە دەرھال پۇلىنى بېرىڭلار.
ھۆججەت يېزىلدى. پۇلنىمۇ شۇ زامان ئالدىم ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن باشلىق:
ــــ سىزگە بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك پۇل بېرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن. مۇنداق قىممەتلىك كىتابنىڭ تەرجىمىسى ئۈچۈن سىزگە بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پۇل بەرسەم بولاتتى. نېمە چارە، ئامالسىزمەن، ئەپۇ قىلارسىز، ــــ دېدى.
تەرجىمەم سېتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن كىتاب يېزىش، تەرجىمە قىلىش كومىتېتىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. بۇ كومىتېت تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، دارىفۇنۇندىكى كۇتۇپخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. مەن ئۇ يەرگە پات ـ پات بېرىپ، زىيارەت قىلىپ تۇردۇم.
بۇ كۇتۇپخانىنى نەجىب ئاسىم ئەپەندى باشقۇراتتى. ئۇ بىر كۈنى:
ــــ «تۈركىي تىللار دىۋانى»» دىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى توپلاپ چىقتىم. تەرجىمىڭىزدىن پايدىلاندىم. ئاپىرىن سىزگە يۇرتدىشىم، بەك ياخشى تەرجىمە قىپسىز، ــــ دەپ ماختاپ كەتتى.
ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتتى. بۇ چاغدا سامىغ رىفات بەي مائارىپ نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغانىدى. شۇ چاغدا بىر گېزىتتىن مۇنداق بىر خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم: «بۈيۈك مىللەت مەجلىسى مەھمۇد

قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دېگەن كىتابىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنى تەرجىمە قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى ۋە تەرجىمە قىلىشنى سامىغ رىفات بەي بىلەن شائىر مەھمەت ئاكىف بەيگە ھاۋالە قىلدى. ئۇنىڭ تەرجىمىسى ئۈچۈن ھەر بىر بەتكە مىڭ لىرادىن بېرىشنى ماقۇللىدى»

گېزىتتىكى بۇ خەۋەرنى كۆرۈپ: ئۇھ، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى ئۈچۈن ئىككى زات ئىشلىمەكچى بوپتۇ، مەنمۇ ئۇنى تەرجىمە قىلغانلىقىمنى دېسەم، مەن ئىشلىگەن نۇسخىنى ئۇلارمۇ كۆرۈپ باقسا، تەرجىمانلار ئارىسىدا مېنىڭمۇ ئىسمىم قىستۇرۇلسا بولماسمۇ؟ دەپ ئويلىدىم ۋە ئاخىر كەسپىمىز ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن سامىغ رىفات بەيگە: «ئەزىزىم، بۇ كىتابنى مەنمۇ تەرجىمە قىلغانىدىم. ئۆز قولۇم بىلەن يېزىلغان 22 دەپتەر دارىلفۇنۇننىڭ ئەدەبىيات كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. شۇنى ئالدۇرۇپ كۆرۈپ بېقىڭ، ئەگەر قىممىتى بولسا، چىرايلىق ئىسمىڭىزنىڭ يېنىدا مېنىڭمۇ ئىسمىم بولۇپ قالسۇن!» دەپ خەت يازدىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن سامىغ رىفات بەيدىن خەت ئالدىم. خەتتە: «ئەدەبىيات مۇئەللىمى بەھچەت بەيگە[1] خەت يېزىپ دەپتەرنى ئالدۇرۇپ ئوقۇدۇم. تەرجىمىڭىز ماڭا بەك ياردى، ئاكىف بەيگىمۇ كۆرسەتتىم. ئۇمۇ ئوقۇدى، بەك ياخشى تەرجىمە قىلىنىپتۇ، دېدى. شۇنداق قىلىپ، سىزنىڭ تەرجىمىڭىز بىلەن قانائەتلىنىشنى لايىق كۆردۇق. ئىنشائاللا، دەسلەپكى قەدەمدە ئەسىرىڭىزنى ئۆز نامىڭىزدا باستۇرىمىز ۋە سىزگە قەلەم ھەققىڭىزنى ئېلىپ بېرىمىز» دېيىلگەنىدى.

مەنمۇ سامىغ رىفات بەيگە لايىقىدا رەھمەت ئېيتىپ جاۋاب خەت يازدىم.

ئارىدىن خېلى زامان ئۆتتى. بۇ ئارىدا تىل جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باش كاتىپلىقىغا رۇشەن ئەشرەپ بەي تەيىنلەندى. رەشىت غالىب بەي مائارىپ مىنىستىرى بولدى. ئۇ چاغدا تىل جەمئىيىتى «دىۋان» نى قايتىدىن تەرجىمە قىلىشنى قارار قىلىپ، بۇ ئىشنى ماڭا

[1] بۇ زات مائارىپ مىنىسىرلىقىدا مۇپەتتىش بولغان. ئەرەبچىگە ئۇستا. ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان.

تاپشۇردى.

بۇ ئىش توغرىسىدا رەشىت غالىب بەي ماڭا خەت يازدى. خەتتە: «سىزنىڭ بىر تەرجىمىڭىز بار ئىكەن. بىراق، بۇ تەرجىمە كىتابنىڭ ئۆز ئەينى ئا. ب... دېگەن ھەرپ تەرتىپى بىلەن ئەمەس ئىكەن. بىز بارلىق لۇغەتلەرنى ئا. ب... رېتى بويىچە تەرجىمە قىلدۇرۇشنى ۋە يالغۇز لۇغەت بىلەن قانائەتلىنىپ، باشقا تەرەپلىرىنى ئالماسلىقنى خالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە بۇيرۇق بېرىمەن. قەغەز ۋە باشقا نەرسىلەر لازىم بولسا، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مۇدىرى مۇزەپپەر بەيگە مۇراجىئەت قىلىڭ» دېيىلگەنىدى.

بۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلدىم. ماڭا تۈركولوگىيە ئىشخانىسىدىن بىر ئۆستەلنى ئاجرىتىپ بەردى. كارتوشكا قويۇش ئۈچۈن ئىشكاپلارنى ئېلىپ كىرىشتى. ئىشقا كىرىشمەي تۇرۇپ، رۇشەن ئەشرەپ بەيدىن بىر خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە: «تەرجىمىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ تەرجىمىسىنى ئەۋەتتىم. ئۇنىڭغا قاراپ تەرجىمە قىلسىڭىز، چارچاپ قالمايسىز» دېيىلگەنىدى.

دېگەندەك پوچتىدىن بىر قانچە دەپتەر تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇنى كۆرۈپ چىقتىم. بۇ دەپتەرلەر مېنىڭ ئەمەس، بەلكى مېنىڭ دەپتەرلىرىمدىن كۆچۈرۈلگەن دەپتەرلەر ئىدى. لېكىن، ئۇلار بىر نەچچە ساۋاتسىز كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەچكە، پۈتۈنلەي دېگۈدەك خاتا ئىدى ھەممىدە قۇرلار، ھەتتا بەتلەر بويىچە كۆچۈرۈلمەي تاشلىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا بۇ دەپتەرلەرنى كۆرۈپ: «تەرجىمە نېمە بولۇپ كەتكەن - ھە» دەپ قاتتىق ئېچىندىم. ئاخىر ئۇلارغا: «بۇلار ماڭا كېرەك ئەمەس، ئۆز قولۇم بىلەن تەرجىمە قىلىپ يازغانلىرىم 22 دەپتەر بولغانىدى. ماڭا پەقەت شۇلارنىلا ئەۋەتىپ بېرىڭلار» دېگەن مەزمۇندا خەت يازدىم. ئۇلاردىن بولسا «ئۇنداق دەپتەرلەر يوق» دېگەن جاۋاب كەلدى. مەن: «بۇ دەپتەرلەر ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ» دېدىم - دە، ئەۋەتكەن دەپتەرلىرىنى قايتۇرۇۋەتتىم ۋە ئۇلار تەلەپ قىلغان ئۇسۇل بويىچە «دىۋان»نىڭ ئەسلىسىگە ئاساسلىنىپ قايتا تەرجىمە قىلىشقا باشلىدىم.

لېكىن، دەپتەرلىرىمنىڭ نەلەردە قالغانلىقىنى ھەممىدىن كۆپرەك

سامىغ رىفات بەيىنىڭ بىلىشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلاتتىم. شۇڭا بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بۇرۇن سامىغ رىفات بەيدىن:

— مېنىڭ دەپتەرلىرىم نەدە قالغاندۇ؟ — دەپ سورىۋىدىم، سامىغ بەي:

— مەن دەپتەرلىرىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا كاتىپلارغا تاپشۇردۇم ھەم بىر نۇسخا سۈرەتكە ئالغۇزدۇم، سىزنىڭ ئەسلىي تەرجىمىڭىزنى غازى پاشا ھەزرەتلىرىگە (مۇستاپا كامالنى دېمەكچى) تەقدىم قىلدىم. غازى پاشا ھەزرەتلىرى مەندىن: «سىلەردە يەنە بىرەر نۇسخىسى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بار» دېۋىدىم، «ئۇنداق بولسا بۇ دەپتەرلەر مېنىڭ بولسۇن، ئۇنى ئارىلاپ ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇيمەن» دېدى. دېمەك، سىزنىڭ دەپتەرلىرىڭىز غازى پاشا ھەزرەتلىرىنىڭ خۇسۇسىي كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئۇنى بىز سورىيالمايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

مەن ئىككىنچى قېتىملىق تەرجىمىنى تۈگىتەي دېگەندە، رەشىت غالىپ بەي ماڭا بىر خەت ئەۋەتىپتۇ. خەتتە: «يازغان كارتوشكىلىرىڭىزنى يېڭى يېزىقتا ماشىنكىدا ئۇرغۇزۇپ، بىر نۇسخىدىن ئېلىپ قويۇڭ» دېيىلگەنىدى. مەن: «ماشىنكىدا خەت بېسىشنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن جافەر ئوغلى ئەھمەد بەينى خىزمىتىمگە ئەۋەتتى ھەمدە بارلىق كارتوشكىلارنى بىروككېلمانىنىڭ كىتابى بىلەن بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. مەن: «نېمىسچە بىلمەيمەن» دېۋىدىم، بۇ ئىشنىمۇ ئەھمەد بەيگە ھاۋالە قىلدى. ئارىدىن خېلى زامانلار ئۆتتى. بىر كۈنى ئىبراھىم نەجمى مېنى دولما باغچە سارىيىغا چاقىردى. باردىم. ئۇ كىشى بەسىم ئاتالاي بەي بىلەن بىللە ئولتۇرغانىكەن. نەجمى بەي ماڭا شۇنداق دېدى:

— ئەزىزىم، بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى باشقىدىن تەرجىمە قىلىپ باستۇرماقچىمىز. سىزنىڭ تەرجىمىڭىزنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى تاپالمىدۇق. ئۇنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسىلا تېپىلدى، سىز ئۇنى خاتا، تولۇق ئەمەس، دەپ ياقتۇرمايسىز. شۇڭا، سىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىمىز، بىزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى

قايتىدىن تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ، ماقۇلمۇ؟
— خوپ، تەرجىمە قىلىپ بېرەي، — دېدىم.
— ھەققىڭىز ئۈچۈن قانچە پۇل ئالىسىز؟
— سىز دەڭ، قانچىلىك بېرىسىز؟
بېسىم ئاتالاي بەي ئارىغا چۈشتى.
— يۈز لىرا! — دېدى ئۇ.
— بولمايدۇ، — دېۋىدىم، ئۇلار ئىككى يۈز لىرا بېرەيلى، دېيىشتى. يەنە:
— بولمايدۇ، — دېۋىدىم، ئۇلار ئۈچ يۈز لىرا بېرىدىغان بولۇشتى. ئاخىر:
— ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېرەلمەمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم.
— بېرەلمەيمىز، — دېيىشتى. مەن:
— بېرەلمىسەڭلار، ئۈچ يۈز لىراغا قىلالمايمەن، — دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتىم. بەسىم ئاتالاي بەي مەندىن نارازى بولغان ھالدا:
— ئۆز ۋاقتىدا تەرجىمىڭىزنى 120 لىراغا ساتقان تۇرۇقلۇق، ھازىر نېمانچە نازلىنىپ كېتىسىز؟ — دېدى. مەن:
— ئۇ چاغ ھۆكۈمەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قىسىلىپ قالغان زامان ئىدى. ھازىر بولسا كەڭتاشا زامانلار كەلدى. بۈيۈك مىللەت مەجلىسى (خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى — ت) بۇ تەرجىمەم ئۈچۈن ئىككى مىڭ لىرا بەرمەكچى بولغانىدى. شۇڭا ئۈچ يۈز لىرادىن كۆپرەك بېرىڭلار، — دېدىم جاۋابەن. بېسىم ئاتالاي بەي:
— ئۈچ يۈز لىرادىن ئارتۇق بېرەلمەيمىز، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ (تۈرك تىل تەتقىقات جەمئىيىتىنى دېمەكچى، كېيىن بۇ جەمئىيەتنىڭ نامى تۈرك تىل قۇرۇمى، دەپ ئۆزگەرتىلگەن) پۇلى ئاز، — دېدى. مەنمۇ:
— ئۇنداق بولسا مەنمۇ تەرجىمە قىلمايمەن، — دەپ كېسىپلا ئېيتتىم. بەسىم ئاتالاي بەي شۇنداق دېدى:
— سىز قىلمىسىڭىز، مەن قىلىمەن. كېيىن رەنجىپ يۈرمەڭ.
— ياشاڭ، بۇ كىتابنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى، ئۇنى قانچە كۆپ ئادەم تەرجىمە قىلسا شۇنچە خۇشال بولىمەن ۋە ھەر بىرىگە ئايرىم

www.uyghurkitap.com

رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي بەسىم ئاتاالاي تەرجىمە قىلىپ چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ماڭا ئۇچ تومنى ئەۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم. ئىنشائاللا، «دىۋان»نىڭ بىر نەچچە خىل تەرجىمىسىنى يەنە كۆرۈپ قالارمىز. چۈنكى ئالماس كۆپ تاۋلىنىشقا موھتاج.

مەن كىتابتىكى يۇقىرىقى مەزمۇننى ئوقۇپ بولۇپ، سائەتكە قارىشىمغا، ئوقۇغۇچىلار بىردەك:

— قوڭغۇراقنى خېلى بۇرۇنلا چالغان. لېكىن سىلى ئاڭلىماي قالدىلىمۇ ـ قانداق، كىتابنى ئوقۇۋەردىلە، ھېچقىسى يوق، بىزمۇ كىتابنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىپتىمىز. دەم ئېلىشقا چىقمايلى. دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى، — دېدى. مەن «ماقۇل» دېمىسەم بولمايتتى. چۈنكى باشقا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار دەم ئېلىش تۈگەپ كېيىنكى سائەتلىك دەرسكە كىرىپ بولغانىدى.

— بوپتۇ، دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى، يۇقىرىدا تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ تېپىلىشى ھەققىدە توختالدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەردە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان، كۆرەش تاھىر ئاپتورلۇقىدىكى «‹دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك› نىڭ ھەر خىل تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ بېرەي، بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، — دېدىم ـ دە، بۇ ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بىردىنبىر قولىيازما نۇسخىسى (كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى) 1914 ـ يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە تېپىلىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى تۈركولوگلارنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، خەلقئارادا دىۋانشۇناسلىق قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ۋە تۈركولوگىيىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلاندى. لېكىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتى ساھەسىدە ئالىملارنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھەر خىل تىللاردىكى تەرجىمە

نۇسخىلىرىنىڭ سانى ۋە تەرجىمە قىلىنىش ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارد ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلان قىلىنغان فرانسۇزچە ۋە ئىنتېرنېتتىن ئېرىشكەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ رۇسچە، فرانسۇزچە ۋە باشقا تىللاردىكى تولۇق بولمىغان تەرجىمىلىرى ئىشلىنىپ بولغان ياكى نەشر قىلىنىپ بولغان. مەسىلەن: تۈركولوگ ئا. رونا تاس ۋېنگرىيىدە چىقىدىغان «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 2 - ، 3 - سانلىرىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ روبېرت دانكوف بىلەن جامېس كېللىيلار تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنى تونۇشتۇرغان. ئۇ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىسى قاتارىدا بەسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى، ئابدۇراخمانوف بىلەن سالىھ مۇتەللىپوفنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم تۈركولوگلار كوللېكتىپ ئىشلىگەن «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى»، ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تۈركولوگ سىر گېرارد كلاۋسون تۈزۈپ چىققان «13 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تىلغا ئالىدۇ، شۇنداقلا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ رۇس تىلىدىكى تولۇق ۋە مۇكەممەل تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ پات ئارىدا روياپقا چىقىش ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ھەر خىل تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى ۋە سانى ھەققىدە ئالىملارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. بەزى ئالىملار ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تۈركولوگ سىر گېرارد كلاۋسون تۈزۈپ چىققان «13 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى»نى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى قاتارىغا قويىدۇ. گەرچە بۇ ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى ئەمەس. يەنە بەزى ئالىملار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم

www.uyghurkitap.com

تۈركولوگلار كوللېكتىپ ئىشلىگەن «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» نىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى ھېسابلايدۇ. بۇ ئەسەر 1969 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى لېنىنگراد (ھازىرقى سانكىت پېتربۇرگ)شۆبىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەينى چاغدا تۈركولوگىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى مەشھۇر ئالىملار تۈزۈشكە قاتناشقان. مەزكۇر لۇغەت «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ھەممە سۆزلەرنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، تېكىست قىسمى 676 بەتلىك كۆلەمنى شەكىللەندۈرگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «كىتابۇ دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «مەھمۇد قەشقەرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىسمى «مەھمۇد ئىبن ھۇسەيىن مۇھەممەد ئالكاشىغەرى» بولۇپ، تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ ئاتايمىز. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ ھەرخىل تىللاردىكى نەشر نۇسخىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن.

1. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» گېرمانچە ئىندېكسى (1928 - يىلى)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ تۈركىيىدە تېپىلىپ بېسىلىشى غەربتىكى نۇرغۇن تۈركولوگلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. گېرمانىيىلىك تۈركولوگ كارل بروكېلمان (Carl Brockelmann) 1928 - يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ كىلىسلى رىفئەت نۇسخىسى ئاساسىدا گېرمان تىلى ئالفاۋىتى بويىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ گېرمانچە ئىندېكسىنى ئىشلەپ چىقتى. ئارقىدىنلا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى شېئىرلار، قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ بىر كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كىلىسلى رىفئەت نۇسخىسىدىكى نۇرغۇن خاتالىقلارنى تۈزەتتى.

2. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى

(1939 — 1941 - يىللىرى)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە تېپىلىپ، 1914 – 1917 - يىللىرى ئۆز ئەينى بېسىلغاندىن كېيىن، تۈركىيىدىكى بەزى ئالىملار تۈشمۇ تۈشتىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، كىلىسلى رىفئەت بىلگە، تەۋپىق بەي، ئاتىف تۈزۈنەر ۋە بېسىم ئاتالايلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى بار. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى تۈرك تىلىغا مۇكەممەل تەرجىمە قىلىپ چىققۇچى بەسىم ئاتالايدۇر. 1939 – 1941 - يىللاردا تۈرك تىل قۇرۇمى (جەمئىيىتى) تۈركىيىلىك ئالىم بەسىم ئاتالاي تەرجىمە قىلغان ئۈچ توم تېكىست، بىر توم فوتو نۇسخا، بىر توم ئىندېكس، جەمئىي بەش توم «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى نەشر قىلدى. بەسىم ئاتالاينىڭ تەرجىمىسىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئەسلىي تېكىستىگە قارىتا نۇرغۇن يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھاشىيىدە تەپسىلىي ئىزاھلانغان، ئەسلىي تېكىستتىكى نۇرغۇن خاتالىقلار تۈزىتىلگەن.

3. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسى (1960 – 1963 - يىللىرى)

ئۆزبېكىستاندا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئىزاھ ۋە تەرجىمىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغاندى. بۇ ھەقتە ئابدۇرائۇف فىترەت، س. مۇتەللىپوف، غ.ئابدۇراخمانوف، ئې. ئۇماروف (E.Umarov) لارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئابدۇرائۇف فىترەتنىڭ «ئەڭ قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسلانغان. سالىھ مۇتەللىپوف باشچىلىقىدىكى ئۆزبېكىستان ئالىملىرى 1960 - ، 1961، 1963 - يىللىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۆزبېك تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلدۇردى، 1967 - يىلىغا كەلگەندە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ بىر توملۇق ئىندېكسىنى نەشر قىلدۇردى. 1960 – 1963 - يىللىرى سالىھ مۇتەللىپوف تەرجىمە ۋە ئىزاھلىرى بىلەن ئىشلىگەن ئۆزبېك تىلىدىكى نۇسخىسى «ماخمۇد قوشغارىي. دېۋونۇ لۇغاتىت تۈرك»

نامىدا نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، س. مۇتەللىپوف بىلەن ئ. ئابدۇراخمانوف بىرلىشىپ 1967 - يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۆزبېك تىلىدىكى 547 بەتلىك ئىندېكسىنى نەشر قىلدۇردى.

4. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى (1981 — 1984 - يىللىرى)

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە، قۇتلۇق شەۋقى (1917 - يىلى)، مەمتىلى تەۋپىق (1930 - يىلى) لەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تەرجىمە نۇسخىسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تەرجىمە نەتىجىسىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. 1946 - يىلى چۆچەكلىك ئىسمايىل داموللام «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ 1 - تومىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان بولسىمۇ، بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن داۋاملاشتۇرالمىغان ۋە نەشر قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن. 1951 — 1952 - يىللىرى ئەھمەد زىيائى ئەپەندى بەسىم ئاتالاينىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ئاساسىدا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلغان. كېيىنچىرەك بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئورىگىنالى نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى تامامەن يوقىلىپ كەتكەن. 1960 — 1963 - يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن مۇھەممەد سالىھ داموللام ئەپەندىلەر بىرلىشىپ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ بەسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى ۋە سالىھ مۇتەللىپوفنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىققان. كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا مەزكۇر تەرجىمە نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر

تەتقىقات ئورنى 1977 ـ يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتىگە كىرىشتى. 1978 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، بۇ خىزمەت رەسمىي يوسۇندا مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1978 ـ يىل 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇساالام ئاباسوف بىلەن شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن خۋا يېتەكچىلىكىدە تىل تەتقىقات ئورنىدىكى ئىلمىي خادىملارنى ئاساس قىلىپ، باشقا ئورۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىملار قاتناشقان ئىككى مەخسۇس ئۇيغۇرچىغا ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېلىپ بېرىلدى.

بىر نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق بۇ خىزمەت ئۇتۇقلۇق تاماملاندى. 1981 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بەسىم ئاتالايىنىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى ۋە سالىھ مۇتەللىپوفنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ توملۇق تەرجىمە نۇسخىسىنى رەسمىي نەشر قىلىپ، كەڭ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئىبراھىم مۇتىئىي، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئىمىن تۇرسۇن بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانلار ئۈستىگە ئالدى.

5. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى (1982 – 1985 ـ يىللىرى)

ئامېرىكىلىق تۈركولوگ روبېرت دانكوف (Robert Dankoff)

ئاساسلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى تۈركىي تىلىنىڭ ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈركولوگىيىدىكى كۆزگە چېلىقارلىق نەتىجىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرى بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقىدا نامايان بولىدۇ.

1982 — 1985 - يىللىرى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى روبېرت دانكوف بىلەن جامېس كېللىيلار ھەمكارلىشىپ تەرجىمە قىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى (Divanü Lugat - it - Türk — Compendium of the Turkic dialects) نى نەشر قىلدۇردى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئۈچ جىلدقا ئايرىلغان بولۇپ، 1 -، 2 - جىلدلىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئەسلىي مەتنى (تېكىست) نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 3 - جىلد «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئىندېكسى ۋە قوشۇمچە قىلىنغان مىكرو فاكسىمىلىدىن تەركىب تاپقان.

6. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ قازاقچە تەرجىمە نۇسخىسى (1997 – 1998 - يىللىرى)

1997 – 1998 - يىللىرى ئالمۇتىدا قازاقىستاننىڭ مەشھۇر تۈركولوگى ئاسقار قۇرماش ئۇلى ئېگېيبايېف تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ قازاقچە تەرجىمە نۇسخىسى 1997 – 1998 - يىللىرى ئالمۇتىدا نەشر قىلىندى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ قازاقچە تەرجىمىسىنىڭ نامى «ماخمۇد قاشقارى تۈرىك تىلىنىڭ سۆزدىگى» بولۇپ، يېڭىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

7. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى (2002 - يىلى)

ئېلىمىزدە ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشىغا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك 1977 -

يىلى باشلانغان. 1981 ـ يىل 3 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى چېن خۇا ئەپەندى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە، بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىزمەتلىرىگە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن يەنە ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ياڭ فارېن، ئابدۇرازاق تۆمۈر قاتارلىقلار يېتەكچىلىك قىلدى، كونكرېت خىزمەتلەرنى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالدى.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۈچ توملۇق خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 1985 ـ يىلى تاماملانغان بولۇپ، 2002 ـ يىل 2 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئاساسىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ سەمەرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 1 ـ تومىنىڭ تەرجىمىسىنى خې رۇي، دىڭ يى، شياۋ جۇڭيى، لىيۇ جىڭجيالار تەرجىمە قىلغان ۋە شياۋ جۇڭيى ئۈستىدىن كۆرۈپ چىققان؛ 2 ـ تومىنىڭ تەرجىمىسىنى شياۋ جۇڭيى، لىيۇ جىڭجيالار تەرجىمە قىلغان؛ 3 ـ تومىنى شياۋ جۇڭيى تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 1 ـ تومىنىڭ تەرجىمىسىنى چېن خۇا، مىرسۇلتان ئوسمان تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. مىرسۇلتان ئوسمان، نىيۇ شياۋلى قاتارلىقلار كوررېكتورلۇقىنى قىلغان، خەلىم سالىخ، جىن بىڭجيې قاتارلىقلارمۇ مەلۇم جەھەتتىن ياردەم بەرگەن؛ 2 ـ ، 3 ـ توملىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى خاۋ گۇەنجۇڭ، لى جىڭۋېي تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. ئىككىنچى، ئۈچىنچى تومىنىڭ كوررېكتورلۇقىنى بولسا، چى چىڭشۈن، تاھىرجان مۇھەممەدلەر تاماملىغان.

8. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ پارسچە تەرجىمە نۇسخىسى

(2004 - يىلى)

2004 - يىلى ئىراننىڭ پاجۇھىشاھى ئۇلۇمى ئىنسانى ۋە مۇتەلەئەتى فارھانگى (Olum - e Ensani ve Motaleat - e Farhangi pajuheshgah - e) نەشرىياتى ئىرانلىق تۈركولوگ، دوكتور سەئىد مۇھەممەد دەبىر سىياقى تەرىپىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىنى نەشر قىلدى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ پارس تىلىدىكى نامى «ديوان لغات الترك مجمودبن چسين بن مجمد كاشگري» بولۇپ، مۇھەممەد دەبىر سىياقى مەزكۇر ئەسەرنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا تۈركىيىلىك تۈركولوگ بەسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ئاساس قىلغان. ئىراننىڭ 60 مىليون نوپۇسى ئىچىدە 30 مىليوننى پارسلار، 25 مىليوننى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، بەش مىليوننى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلار تەشكىل قىلىدۇ. ئىراندا ياشايدىغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە، ئەزەربەيجانلارنىڭ نوپۇسى 20 مىليوننى تەشكىل قىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ پارس تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى، شۈبھىسىزكى، ئىراندىكى ئەزەربەيجانلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە فولكلورىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

9. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى (2005 - يىلى)

بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۆزبېكىستانلىق تۈركولوگ ئەلىبەك رۇستەموفنىڭمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى رۇس تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقى توغرىلىق گەپلەر بار.

2005 - يىلى قازاقىستان دايىق نەشرىياتى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ رۇس تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئالمۇتىدا نەشر قىلدى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنى تىلشۇناس زىفا - ئالۇئا ئاۋېزوۋا، روبېرت ئېرمېرسلەر تەييارلىغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تەرجىمىسى تۈركىيە مىنىستىرلىقى 1960 - يىلى نەشر قىلغان فاكسىمىل نۇسخىسىغا ئاساسلانغان بولۇپ، زىفا - ئالۇئا

ئاۋېزوۋا ئەسەرنىڭ ئەرەبچە فاكسىمىل نۇسخىسىغا ئاساسەن رۇسچىغا تولۇقى بىلەن تەرجىمە قىلغاندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭغا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئىسلاملىشىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇرغان تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلىرىغا ئاساسلىنىپ، مۇقەددىمە خاراكتېرىنى ئالغان ئۇزۇن كىرىش سۆزى يازغان؛ روبېرت ئېرمېرس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى سۆزلەرنىڭ ئىندېكسىنى ئىشلىگەن.

2006 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپ مەركىزى، قازاقىستان دۆلەتلىك كۇتۇپخانا ۋە مۇختار ئاۋېزوف نامىدىكى مۇزېي بىرلىكتە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىنى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

10. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئەزەربەيجانچە تەرجىمە نۇسخىسى (2006 - يىلى)

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەزەربەيجان تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئەزەربەيجانلىق مەشھۇر يازغۇچى، باكۇ دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، پروفېسسور، دوكتور، مەشھۇر تۈركولوگ رامىز ئەسكەر تەرجىمە قىلغان بولۇپ، 2006 - يىل 11 - ئايدا ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختى باكۇدا نەشر قىلىندى.

پروفېسسور، دوكتور رامىز ئەسكەر 1954 - يىلى ئەرمېنىيىنىڭ ناگورنو — قاراباغدىكى پاماسىيا ناھىيىسىنىڭ قارا چانتا يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، لومونوسوف نامىدىكى موسكۋا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارقىتىش فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن، 36 يىللىق گېزىتچىلىك ھاياتىدا «ئوتلار يۇرتى» گېزىتىنىڭ باش نەشرىيات مۇدىرلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، ھازىر ئەزەربەيجان گېزىتچىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە يەنە باكۇ دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەزەربەيجان پەنلەر ئاكادېمىيىسى فولكلور ئىنستىتۇتىدا ئىلمىي خادىم، باكۇ دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ۋە تارقىتىش فاكۇلتېتىدا ئەزالىق

www.uyghurkitap.com

ۋەزىپىلىرىنى قوشۇمچە ئۆتىمەكتە.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، ئەزەربەيجاندا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغانىدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› 1937 ـ يىلى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە تەنھا قاسىم ئوغلى تەرىپىدىن ئەزەربەيجان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، لېكىن كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە نەشر قىلىنمىغان. پروفېسسور، دوكتور رامىز ئەسكەر ئەسلىي ژۇرنالىست بولسىمۇ، لېكىن تۈركولوگىيە ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. رامىز ئەسكەردە بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ، تۈركولوگىيىگە قىزىقىش يېتىلىپ بارغانىدى. ئۇ ئوقۇش مەزگىللىرىدە، تۈركولوگىيىگە ئائىت ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان ۋە ئۆگەنگەن. 1993 ـ يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئاپتورنىڭ 20 يىللىق مېھنىتى نەتىجىسىدە، ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى تاماملىنىپ نەشر قىلىندى. رامىز ئەسكەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى 2005 ـ يىلى تەرجىمىسىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن نەشر قىلىش ئۈچۈن ياردەم ئىزدىگەن. ئەزەربەيجاندىكى بايلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە ئوقۇغان بولغاچقا، ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى. كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈركىيىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى سۇلايمان دېمىرېل مالىيە جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. ئاپتور ئەسەرنى نەشر قىلىش ئۈچۈن تۈركىيىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى سۇلايمان دېمىرېلگە خەت يېزىپ، ئەسەرنىڭ باستۇرۇش شەرىپىنىڭ زۇڭتۇڭ ئەپەندىگە مەنسۇپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. زۇڭتۇڭ سۇلايمان دېمىرېل ئۆزى بىۋاستە ئاپتورغا تېلېفون قىلىپ، ئەنقەرەگە تەكلىپ قىلغان. زۇڭتۇڭ ئاپتورنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەزەربەيجاندىكى ئىككى مۇئەسسەسەگە يوليورۇق بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئاتا شىركەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئوزان نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

دوكتور رامىز ئەسكەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ئەزەربەيجان تىلىغا

تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بەسىم ئاتالايىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە ۋە كىلىسلى رىفئەت تەرپىدىن تەييارلانغان ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئورىگىنالىغا ئاساسلانغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۆزبېكچە، ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە تەرجىملىرىدىنمۇ كۆپ پايدىلانغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئەزەربەيجانچە تەرجىمە نۇسخىسىدا 9000 ئاتالغۇ بولۇپ، جەمئىي 985 ئىزاھات يېزىلغان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر توققۇز سۆزنىڭ بىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئوقۇش شەكلى تەپسىلىي سىپىلىشتۇرۇلۇپ ئاپتورنىڭ كۆزقارىشى يېزىلغان. ئاپتور تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، تۈركچە، ئۆزبېكچە، پارسچە ۋە ئۇيغۇرچىدىن ئىبارەت تۆت خىل تىلدىكى تەرجىمىسىنىڭ ھەممىسىنى بىردىن - بىردىن ئوقۇپ سىپىلىشتۇرۇپ چىققان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەزەربەيجان تىلىدىكى تەرجىمىسى تۆت جىلد بولۇپ نەشر قىلىنغان، 1 - جىلد 512 بەت، 2 - جىلد 400 بەت، 3 - جىلد 400 بەت، 4 - جىلد 752 بەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جەمئىي 2080 بەتلىك ئەسەر بولۇپ نەشردىن چىققان. كىتابنىڭ باش قىسمىغا ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەرھۇم زۇڭتۇڭى ھەيدەر ئەلىيېف بىلەن تۈركىيىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى سۇلايمان دېمىرېلنىڭ رەڭلىك رەسىمى بېرىلگەن. پروفېسسور، دوكتور رامىز ئەسكەر ئەپەندى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئەزەربەيجانچە تەرجىمە نۇسخىسىدا 231 بەتلىك تەتقىقات نەتىجىسىنى قوشۇمچە قىلغان، ھەربىر جىلدقا بىر كىرىش سۆز يازغان، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ گرامماتىكىسىنى يازغان، ھەر بەتكە كۆپ ساندا ئىزاھات بەرگەن.

ئاپتور «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» يۇقىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن ئەزەربەيجان تەرجىمە نۇسخىسى تەرجىملەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى چىققان دەپ قارالماقتا. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان يېرى شۇكى، پروفېسسور، دوكتور رامىز ئەسكەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ئەزەربەيجان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھازىر يەنە رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ئەڭ دەسلەپ 1914 - يىلى تۈركىيىدە بايقالغان ۋە 1915 – 1917 - يىللىرى

ئىستانبۇلدا ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، 1929 - يىلى گېرمانچىغا، 1939 — 1943 - يىللىرىدا بەسىم ئاتالاي تەرىپىدىن تۈركچىگە، كېيىن 1960 — 1963 - يىللىرى ئۆزبېكىستانلىق تۈركولوگ سالىھ مۇتەللىپوف تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1982 — 1984 - يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرچىغا، 1983 — 1885 - يىللىرى ئامېرىكىلىق تۈركولوگ روبېرت دانكوف تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. 1997 — 1998 - يىللىرىدا، قازاقىستانلىق تۈركولوگ ئاسقار قۇرماشئۇلى ئېگېۋبايېف تەرىپىدىن قازاقچىغا تەرجىمە قىلىندى. 2002 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى، 2004 - يىلى ئىرانلىق تۈركولوگ مۇھەممەد دەبىر سىياقى تەرىپىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. 2005 - يىلى قازاقىستاندا زىفا — ئالۇئا ئاۋېزوۋا تەرىپىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىندى. 2006 - يىلىغا كەلگەندە، ئەزەربەيجانلىق تۈركولوگ، پروفېسسور، دوكتور رامىز ئەسكەر تەرىپىدىن ئەزەربەيجان تىلىغا تەرجىمە قىلىندى ۋە نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بوگۇنكى كۈنگە كەلگەندە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسلىي نۇسخىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئون خىل تەرجىمە نۇسخىسى بارلىققا كەلدى.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھەرخىل تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلمىي تەتقىقاتلار ئۈچۈن مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، يېڭىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر — قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجانلاردا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە يېڭى - يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلار مۇشۇ دۆلەتلەردىكى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ياپونىيە، كورېيە، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئالىملار «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى تۈرلۈك شەكىلدە تەتقىق قىلدى، شۇنداقلا مول تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

مەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھەرقايسى ئەللەردە نەشر

قىلىنغان نۇسخىلىرى ھەققىدىكى ماقالىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئەركىن پىكىر بايان قىلىشقا دەۋەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. مۇنازىرە داۋامىدا بىر ئوقۇغۇچى مەندىن سورىدى:
— مۇئەللىم، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نوقۇل لۇغەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرمۇ؟
— ياق، ئۇ نوقۇل لۇغەت خاراكتېرىدىكى ئەسەر ئەمەس، مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئەسىرىگە كىرگۈزگەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزنى ئىزاھلاش جەريانىدا ئەينى دەۋر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئەپسانە ـ رىۋايەت، شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى مىسال تەرىقىسىدە كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ماقال ـ تەمسىللەر ئەينى دەۋر خەلقىنىڭ دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەھمۇد قەشقەرى بۇندىن ئاز كەم 1000 يىللار بۇرۇن يازغان ئەسىرىدە «پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا» دېگەندەك چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە ھېكمەتلەرنى يازغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشاش ھېكمەتلىك جاۋاھىرلارنى ئايرىپ چىقىپ ئۆگىنىش ئىنتايىن زۆرۈر. مېنىڭ قولۇمدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ھېكمەتلەر رەتلەنگەن بىر ماتېرىيال بار. ھازىر ئوقۇپ بېرەي دېسەم ۋاقىت توشاي دەپ قاپتۇ. دەرستىن چۈشكەندە سىلەرگە قالدۇرۇپ قوياي. كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈپ ئوقۇپ چىقىڭلار،
— خۇددى كېلىشىپ قويغاندەكلا سۆزۈمنى تۈگىتىشىمگە دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. مەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ھېكمەتلەر رەتلەنگەن ماتېرىيالنى ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرۇپ قويۇپ، سىنىپتىن ئايرىلدىم.
بۇ ماتېرىيالدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن رەتلەنگەن مۇنۇ ھېكمەتلەر بار ئىدى:

قۇلاق ئاڭلىسا كۆڭۈل بىلىدۇ، كۆز سۆيۈملۈكنى كۆرسە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدۇ.

بۇك ـ باراقسان سۆگەتلەرگە ئۇچار قۇشلار جىق قونغانغا ئوخشاش، (گۈزەل) چىرايلىق قىزلارغا تىكىلىدىغان كۆز جىق، ئۇنىڭغا كېلىدىغان گەپ ـ سۆزلەرمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ ماقال ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ئىككى تاغ بىر ـ بىرىگە قوۋۇشمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆز جايلىرىغا ئورناپ كەتكەن، كىشىلەر كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسىمۇ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ.

قۇل ئۆز ئىگىسىنىڭ مىلىنى قولغا كىرگۈزسە يوقىتىۋېتىدۇ، پۇرسەت تاپسىلا قېچىشنىڭ كويىدا بولىدۇ، ئىتمۇ ئۆي ئىگىسى ئۈچۈن بۆرىدۇر، چۈنكى ئۇ يەيدىغان نەرسە تاپسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتمايدۇ.

تىل بىلەن تۇگۈلگەن، چىش بىلەن يېشىلمەس. يەنى تىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈچنى چىش بىلەن يەشكىلى بولماس.

ئاتىسىنىڭ تونى ئوغلىغا يارىسا ئاتىسىنى خالىماس.

چۆلدە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە بولسا، يولدىن ئېزىپ قالمايدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا سۆزدە يېڭىلىشمايدۇ.

ئۇستا مەرگەن يامغۇردۇر، چۈنكى يامغۇرنىڭ نىشانغا ئالغان يېرى يەر يۈزىدۇر. يەر يۈزى ئىنتايىن كەڭرىدۇر، شۇنداق كەڭ جايغا ئېتىلغان نەرسە خاتا كەتمەي تېگىدۇ. ھەر نەرسە ئۇستىدە توغرا گەپ قىلىدىغان ئالىم ئەكس سادادۇر. چۈنكى، نېمە دېسەڭ شۇنى دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ھەقىقىي باتۇر جەڭ مەيدانىدا ئايرىلىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقىي دانىشمەن ئالىممۇ نۇرغۇن ئالىم دانىشمەنلەر يىغىلغان مۇنازىرە سورۇنىدا ئاندىن بىلىنىدۇ.

بىلىم بەختكە ئېرىشىشنىڭ بەلگىسى، بىلىمگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت بولمايدۇ.

ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ.

سىناقتىن ئۆتكۈزمىسە، ئالدىنىپ قالىدۇ، بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىسا، يەنى پەخەس بولمىسا، يېڭىلىپ قالىدۇ.

ئانىسى ئوغلىنى ئالداپ ھىيلە ئىشلىتىپ ناننى يۇپقا ياپىدۇ، ئوغلىمۇ زېرەكلىك بىلەن يۇپقا ناننى (ئاغزىغا) قوشلاپ سالىدۇ.

چاپان قانچىلىك كونا بولسىمۇ، يامغۇرغا يارار. كېيىنەك تون قانچىلىك كونىراپ كەتسىمۇ، يەنە يامغۇرغا يارايدۇ. بۇ ماقال ئۆز قول ئاستىدىكى كىشىلەردىن بىرىنىڭ بىلىمسىز، نادانلىقى ۋە دۆتلۈكى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن چەتنىمەكچى بولغان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. يەنى ھەر قانچە كەمچىلىكى بولسىمۇ بىرەر ئىشقا ياراپ قالىدۇ، ئۇنى شۇ ئىشقا سالساڭ ئۆزۈڭ ئارام ئالىسەن دېمەكچى.

ئەرسىرىگەن ئەرگە تېگەلمەس، ئالدىراڭغۇ ئۆيگە يېتەلمەس.
ئەرگە تېگىشكە ئالدىرىغان بۇزۇق خوتۇن ئەرگە تېگەلمەيدۇ، چۈنكى ئالدىرىغانلىقتىن كېرەكلىك شەرتلەرنى ھېسابقا ئالمايدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك ئالدىراڭغۇ ئادەممۇ ئۆيگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، تولا ئالدىراپ ئۇلاغنى كاردىن چىقىرىدۇ. بۇ ماقال ئالدىرماسلىققا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

كېڭەشلىك ئىش ئۇزۇلىشار، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار.
كېڭەش بىلەن قىلىنغان ئىش بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ، كېڭەشسىز قىلىنغان ئىش بارغانسېرى بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتىدۇ (چۈنكى ئالدىراپ خام قالغان).

ئىچى پۇشمىسا، بوز قۇش تۇتار،

ئالدىرمىسا، ئاق قۇش تۇتار.

ئادەم زېرىكمىسە ئاق لاچىننى ئوۋلىيالايدۇ، ئالدىراقسانلىق قىلمىسا لاچىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئوۋلىيالايدۇ.

ئېسەن ئادەمدە ئالدىراش يوق.

ئالدىراقسان چىۋىن سۈتكە چۈشەر.

سۈنى كۆرمىگۈچە ئۆتۈك سالما.

تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۈرسە قوتۇر بولار.
بۇ ماقال ئۆز ئېلىدىن، ئۆز ئۇرۇقىدىن ۋە ئۆز شەھرىدىن تانغان يامان ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بىر چۇقان كۆتۈرۈلسە، ئۇرۇق - تۇغقانلار ياردەم بېرىش ئۈچۈن توپلىنىدۇ. دۈشمەن كەلسە خەلق توپى جەڭگە ئاتلىنىدۇ.

ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس.
بوغۇزسىز ئات قىر ئاشالمىغاندەك، ياردەمچىسىز ھەر قانداق باتۇرمۇ سەپنى يىمىرىۋېتەلمەيدۇ.

ئىككى بۇغرا ئىكىشەر، ئارىدا كۆكۈيۈن يانجىلار.
ئىككى بەگ ئۇرۇشسا، ئارىدا ئاجىزلار يانجىلىپ كېتىدۇ.

بىر دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىسا، ھەممە دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىماس.
بۇ ماقال دوستلىرى بىر نەرسىنى ئىستەۋاتقان، قوبۇل قىلغان ۋە يەۋاتقان يەردە باشقا بىر كىمنىڭ شۇنى ئىستىمىگەنلىكىنى ئاڭلىتىش

ئۇچۇن ئېيتىلىدۇ.

يەر تاغلار بىلەن، خەلق بەگلەر بىلەن تىنچ تۇرىدۇ، چۈنكى خەلقنى بەگلەر يولغا سالىدۇ.

ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا پىشماس.

ياتنىڭ ياغلىق لوقمىسىدىن، ئۆزىنىڭ قانلىق مۇشتى ياخشى.

ئەت تىرناقتىن ئايرىلماس.

ئۆيدىكى موزاي ئۆكۈز بولماس.

قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ.

ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتمۇرمە، يات بىلەن تۇغقانمۇ تەڭ بولمايدۇ.

ئاتا بىر ئانا باشقا پىتىشالماس، ئانا بىر ئاتا باشقا ئاجرالماس.
ئاتىسى بىر، ئانىسى باشقا ـ باشقا بولغانلار ئارىدىكى ئاداۋەت تۆپەيلىدىن بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئانىسى بىر، ئاتىسى باشقا ـ باشقا بولغانلار ئارىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت تۆپەيلىدىن ئايرىلالمايدۇ ھەم بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىدۇ.

باشقا كىشىنىڭ مېلى مال سانالمايدۇ، چۈنكى، ھامان بىر كۈنى قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ،

ئاچ ئالدىراڭغۇ، توق بىغەم.
قورسىقى ئاچ ئادەم قورساق تويغۇزۇش غېمىدە دائىم ئالدىراش يۈرىدۇ، توق ئادەم ھېچنېمىدىن غەمسىز يۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەرەخ تىكىلمىگۈچە ئۈنمەيدۇ، مۇراد ـ مەقسەت ئىزدەنمىگۈچە قولغا كەلمەيدۇ.

ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۈنەر.

ئېرىنچەككە بۇلۇت كۆلەڭگىسى يۈك بولۇر.

ئىشچاننىڭ ئېغىزى ياغلىق، ھۇرۇننىڭ بېشى قانلىق.
ئىشچان ئادەم تىرىشىپ ئىشلەپ، ياخشى تاماقلارنى، سېمىز گۆشلەرنى كۆپ تېپىپ يېگەچكە ئاغزى ياغلىنىشىدۇ. ھۇرۇن ئادەم ئۆزىنىڭ ئېرىنچەكلىكىدىن ئىشتىن قېچىپ، تاياق يەپ، بېشىنى قانىتىدۇ.

قاينام دەريا كېچىكسىز بولماس.
ھەر قانداق قاينام ـ تاشقىنلىق چوڭ دەريانىڭمۇ كېچىكى بولىدۇ. بۇ ماقال بىرەر ئىشتا چارىسىزلىقتىن تېڭىرقاپ قالغان كىشىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭمۇ چارىسى تېپىلىپ قالار دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ.

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

ئادەمگە مۇڭ تېگەر، تاغ سىڭرىغا يەل تېگەر.
تاغ تۇمشۇقىغا يەل (شامال) تەگكەندەك، ئادەمگىمۇ جاپا ـ مۇشەققەت ( دەرد ـ ئەلەم) كېلىدۇ. تاغ تۇمشۇقىدىن يەل ئۆتۈپ كېتىپ، تۇمشۇق ئۆز پېتى قالغاندەك، جاپا ـ مۇشەققەت (دەرد ـ ئەلەم) مۇ ئادەمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

يازدا قاتتىق ئىشلىسە، قىشتا سۆيۈنەر.
يازدا قاتتىق ئەمگەك قىلسا، قىشتا ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرىدۇ.

ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس.

ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دېمە. چۈنكى، بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى ئەزەلدىن شۇنداق.

يۈك كۆتۈرگەن تۆگە چۈمۈچىنىمۇ كۆتۈرىدۇ.

تۆگە سىلكىنسە، ئېشەككە يۈك چىقار.

كىشى سۆزلىشىپ بىر ـ بىرىنى چۈشەنگەندەك، ھايۋانلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ چۈشىنىدۇ.

ئەركەچ گۆشى ئەم بولۇر،
ئۆچكە گۆشى يەل بولۇر.

قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر.

تولۇن ئاي قول بىلەن كۆرسىتىلمەس.
چۈنكى، تولۇن ئاينى كۆزى ئوچۇق ھەممە ئادەم كۆرەلەيدۇ.

ھەر قانچە ئىتتىك پىچاقمۇ ئۆز سېپىنى يونالماس.
بۇ ماقال ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىشى ھەققىدە چوڭ گەپ ساتىدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ئۇپرىغان يا قېپىدىن مەزمۇت يا چىقىدۇ.

چاۋاياغ سۇ يېغىنىڭ ئورنىنى باسالماس.

قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس، قورۇغان كىرىچ تۈگۈلمەس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىپەك ياماق يىپەك رەختكە لايىق،
يۇڭ ياماق يۇڭ رەختكە.

بىرلەپ ـ بىرلەپ مىڭ بولار، تاما ـ تاما كۆل بولار.

ئادەم ياغدىن ھەر قانچە زېرىكىپ كەتسىمۇ قۇرغاق، تۇزلۇق تاماقتىن ياخشى، قۇياش ھەر قانچە قىزدۇرسىمۇ قاراڭغۇ تۇماندىن ياخشى.

كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.

باتۇر جەڭدە بىلىنەر، ئەسكى جاڭجالدا.

قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن.

باتۇرلارنى خار قىلما، يۈگۈرۈك ئاتنى يېغىر.

باتۇرلار بىلەن ئۇرۇشما، بەگلەر بىلەن تىركەشمە.

قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ.

تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىدىن قورقماس.

يېغىنى سەل چاغلىسا باشقا چىقار.
ھوشيار بول، دۈشمەننى سەل (كىچىك) چاغلىما، بىخۇدلۇق قىلساڭ ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى يەيدۇ.

ئارسلان ھۆركىرىسە، ئات ئايىغى كالۋالىشار.

قورققان كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنەر.

ساچراچقۇدىن بىر قېتىم قورققان قۇش قىرىق يىلغىچە ئارچا ياغاچ ئۈستىگە قونماس.

ساچراچقۇ (چەتمەك ـ قىسماق) غا بىر قېتىم بېسىلىپ قېلىپ ئاجراپ چىقىپ كەتكەن قۇش مۇشۇنىڭ قورقۇنچىسى بىلەن قىرىق يىلغىچە ھەتتا ئارچا ياغاچقىمۇ قونمايدۇ.

كۈندە يېرىق يوق، بەگدە يېنىۋېلىش يوق.

تۆشۈك سۇدا بىلىنەر.

ماختانچاق ئىشتىنىنى بۇلغار.

يەنى ماختانچاق ئادەم ئەمەلىي سىناق ۋاقتىدا ئۆز گېپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، خىجىللىقتىن ئىشتىنىنىغا چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى ماختانچاقلىق قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قازان ئەيتۇر تۈۋۈم ئالتۇن،
چۆمۈچ ئەيتۇر مەن نەدىمەن.

موماي ئۈسسۈل بىلمەس، يېرىم تار دەر.

بۇ ماقال بىرەر ئىشتا بىلەرمەنلىك قىلىپ ماختانغان، لېكىن بىر ئىش قىلىش تەلەپ قىلىنغاندا، يوق باھانە ـ سەۋەبلەرنى تېپىپ قىلمايدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

سودىگەرنىڭ ئوزۇقى ئېرىغ بولسا، يول ئۈستىدە يەر.

قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار.

قاغا كۈچتە ۋە ئۇچۇشتا ئۆزىنى غازغا ئوخشاتسا پۇتى سۇنىدۇ. بۇ ماقال كىشىنى ئۆز ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىلار.

بۇ ماقال بىراۋنىڭ بىرەر نەرسىسىنى يېگەن ياكى ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقالماي خىجالەتتە قالغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ئىشتىنى پۇتۇن خالىغان يەرگە ئولتۇرار.
بۇ ماقال «پاك ئادەمنى ھېچقانداق تۆھمەت قارىلىيالمايدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

كىم جەسۇر بولسا، شۇ مەغرۇر بولىدۇ.
كىمىكى ئۆزىگە ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ مەقسەتنى يار قىلغان، پاك ۋە ۋىجدانلىق، مېھنەت سۆيەر بولسا، شۇ كىشى ھەر قانداق زورلۇق ۋە زومبۇلۇقلارغا پىسەنت قىلمايدىغان مەغرۇر كىشى بولىدۇ. بۇ ماقال «ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاش»قا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

تۆگە چوڭ بولسىمۇ، مايىقى چوڭ بولماس.
بۇ ماقال چوڭنىڭ چاكىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئادەمگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، «چوڭلۇق ساڭا ئەمەس، سېنىڭ ئىگەڭگە يارىشىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.
ئىنساننىڭ ئېتى (بەدىنى) تىرىكلىكىدە تاتلىق.
يەنى ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى تىرىكلىكتە، بۇنىڭ مەنىسى ئادەم تىرىكلىكتە مال ـ مۈلۈك تاپىدۇ. شېرىن يېمەكلىك ـ ئىچىملىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلاردىن لەززەتلىنىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

باردا مىس، يوقىدا ئالتۇن.
بار بولسا مىستەك قەدىرسىز، يوق بولسا ئالتۇندەك قەدىرلىك بولىدۇ. بۇ ماقال ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا خارلىنىپ يۈرگەن كىشى ئاردىن يوقالغاندا، ئۇنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەنگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ياۋاش بىلەن ئەيتىش، ئېغىرىڭنى كۆتۈرەر،

ئەسكى بىلەن تەڭ بولما، سىنى يەرگە قارىتار.

ئەسكى بىلەن تەڭ بولما سىنى يەرگە قارىتار، چۈنكى سىنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ياۋاش ئادەم كۆتۈرىدۇ، ئەمما ئەسكى ئادەم ساڭا زادى يول قويمايدۇ. بۇ ماقال «ئۆز قەدرىڭنى بىل، ئەسكى بىلەن تەڭ بولما» دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ.

قىز بىلەن چېلىشما،
تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما.

قىز بىلەن چېلىشما، چۈنكى قىزلار كۈچلۈك كېلىدۇ، سىنى يىقىتىپ قويىدۇ؛ تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما، ئۇ ئاتتىن كۈچلۈك ۋە چاپقۇر بولغىنى ئۈچۈن سىنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتقۇەتكىنى ئۈچۈن خاقانىيىلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرىسىدا چىقىرىلغان بىر ماقال.

ئادەم بالىسى مۇڭلىنىۋەرمەس،
ئىت بالىسى يىتىۋەرمەس.

يەنى ئىت كۈچۈكى ئۆزىنى تاشلاپ يىتىۋەرمىگەندەك، ئادەم بالىسىمۇ قايغۇ ئۇرۇپ يىتىۋەرمەيدۇ، بىر ئىلاج قىلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ (ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تاپىدۇ).

كۆپ سۆيۈنۈپ كەتسە، قاتتىق ئۆكۈنەر.

كۆپ خۇشال بولۇپ كەتكەن كىشى بىرەر ئىشتا قاتتىق قايغۇغا چۈشىدۇ. بۇ ماقال ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىنىپ كەتمەسلىككە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ.

ئەرلىكنىڭ بەلگىسى سۆزى بىر بولۇش، سۆزىدىن يېنىۋالماسلىق. ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ بولىدۇ، تۆشۈك كۆپىيىپ كەتسە ئېگەرنىڭ قېشى سۇنۇپ كېتىدۇ. تۆشۈك ئۈچتىن كەم بولسا كىشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

ئوغلاق يىلىكسىز، بالا بىلىمسىز.

بۇ ماقال باللار (ياشلار) دىن ئالدىراپ ئاغرىنماسلىققا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

ئادەم بالىسى كۆپكەن تۇلۇمغا ئوخشار،

ئاغزى يېرىلسا، يىلى چىقىپ بوشار.

باللار خۇددى يەل قاچىلانغان تۇلۇمغا ئوخشايدۇ، ئاغزى ئېچىلسا، يېلى چىقىپ بوشايدۇ. بۇ ماقال باللاردىن ئارتۇقچە رەنجىمەسلىككە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا بەلگىلىك.

ياخشى ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ ماقال كەلگۈسىدە ياخشىلىق ئۈمىد قىلىنىدىغان ياش، قابىل، زېرەك يىگىتلەر ھەققىدە ئېيتىلىدۇ.

بالا سۇ تۆكەر، چوڭنىڭ يانچىقى سۇنار.

يەنى بالا سۇ تۆكىدۇ، چوڭلار تېيىلىپ يانپىشى سۇنىدۇ. بۇ ماقال كىچىكلەرنىڭ يامان ئىش قىلىپ قويۇشى بىلەن چوڭلارنىڭ زىيان تارتىپ قېلىشىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

كىچىكىدە قېتىرقىنىسا، چوڭ بولغاندا سۆيۈنەر.

شاراب بولماي تۇرۇپ، سىركە بولما.

بۇ ماقال قېرىلىق تەمەسىدە بولغان باللارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

تاي ئات بولسا ئات تىنۇر،

ئوغۇل ئەر بولسا ئاتا (تىنۇر).

تاي چوڭ بولسا، ئات ئارام ئالىدۇ، مىنىلىشتىن قۇتۇلىدۇ، ئوغۇل چوڭ بولسا، ئاتىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاتا ئارام



www.uyghurkitap.com

ئالىدۇ.

ئوت تۈتۈنسىز بولماس،
يىگىت گۇناھسىز بولماس.
چۈنكى، يىگىت ياشلىقتا بەزى سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ قويىدۇ.

كىچىكلەر چوڭلارغا تەڭ تۇرالماس،
قۇرغۇي شۇڭقارغا قارشى چىقالماس.
يەنى قۇرغۇي شۇڭقار بىلەن ئېلىشالمىغاندەك، كىچىكلەر ھەر قانچە غەيرەتلىك بولسىمۇ، چوڭلارغا تەڭ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، چوڭلارنىڭ ھىيلىسى ۋە تەدبىرى كۆپ بولىدۇ.

ئاتىسى ئاچچىق ئالما يېسە،
ئوغلىنىڭ چىشى قامار.
بۇ ماقال ئاتىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئاتىدىن كېيىن بالىغا ئارتىلىدىغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۈڭگۈزى ساپ (بولماس).

قېرىلار سۆزى بىكار كەتمەس،
تال چىۋىق باغ يېشىلمەس.
قېرىلارنىڭ سۆزى بىكارغا كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە. تال چىۋىق باغ مەھكەم بولىدۇ.

ئارسلان قېرىسا، چاشقاننىڭ ئۇۋىسىنى پايلاپتۇ.
بۇ ماقال چوڭ ئىش قىلىشقا قۇربى يەتمەي، كىچىك ئىشلارنى قىلىشقا رازى بولغان بوۋايلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قىرىق يىلغىچە باي بىلەن كەمبەغەل تەڭشىلىدۇ.
ئۆلۈم - يېتىم ياكى زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، قىرىق يىلغىچە باي بىلەن كەمبەغەل تەڭشىلىپ قالىدۇ.

زامان قېرىتقانغا بوياق ئەيىب ئەمەس.

زامان ئۆتەر كىشى تويماس،
ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس.

كىشى مەڭگۈ ياشىماس،
گۆرگە كىرسە ئارقىغا ياناس.

كۆزنىڭ قانداق كېلىشى يازدىن مەلۇم بولىدۇ.
بۇ ماقال ئىشنىڭ ئاخىرى بېشىدىلا مەلۇم بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتىلىدۇ.

جان ئېسەن بولسا، تاڭ (قالارلىق) ئىشلارنى كۆپ كۆرەر.
ئادەمنىڭ بېشى ئامان بولسا، قىزىق ئىشلارنى كۆپ كۆرىدۇ دېمەكچى.

ئېشەك باشىم ئامان بولسا،
دېڭىزدىن سۇ ئىچىمەن دەيدىكەن.

ئەشكە تېۋىنسا، ئوغۇل تاپار.
كىم تۇغۇت ئىشىغا ھەمكارلاشسا ياكى خىزمەت قىلسا ئوغۇللۇق بولىدۇ. خوتۇنلار بۇنى ياخشىلىققا جورۇيدۇ.

ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا، بەخت تاپار.
مويسىپىت چوڭلارنى، ئەل - يۇرتقا بارلىقىنى ئاتا قىلغان ئۇلۇغ كىشىلەرنى ئۇلۇغلىساڭ، ھۆرمەتلىسەڭ، ئىزىنى باسساڭ، سەنمۇ

بەختكە ئېرىشسەن ھەم شۇنداق كىشىلەر بەخت تاپالايدۇ، بۇ ماقال چوڭلارنى ھۆرمەتلەشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس.
بۇ ماقال «ئىشقا يارايدىغان بالا ـ چاقىلىرى كۆپ ئادەم راھەتتە ياشايدۇ» دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ.

ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا ئادەم قىشلاقتا ئىگە ئادەمگە ئوخشايدۇ.
ئۆز ئىشىغا پۇختا، باشقىلارغا يۆلەنمەيدىغان ئادەم قىشلاق (تاغنىڭ ئوتى مول، قار ئاز بولغان كۈنگەي تەرىپى)قا ئىگە بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

تەلەيلىككە قوش كېلەر.
يەنى دۆلەتمەن كىشىگە دۆلەت قوشلاپ كېلىدۇ.

ئەردەمسىزدىن قۇت كېتەر.
يەنى پەزىلەتسىز، ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمدىن بەخت، دۆلەت كېتىدۇ. بۇ ماقال پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە، قۇم ياغار.
بەختسىز (تەلەيسىز) سۇ ئالىمەن دەپ قۇدۇققا كىرسە، سۇ چىقماستىن قۇم چىقىدۇ.

بىتەلەي قۇدۇققا كىرسە، شامال ئېلىپ چىقار.
ئامەتى قاچقان ئادەم قۇدۇققا كىرسىمۇ، شامال ئۇنى چىقىرىۋېتىدۇ.

سۇ بەرمەسكە، سۈت بەر.
ساڭا بىر يۇتۇم سۇ بەرمىگەنلەرگە سەن قانغۇدەك سۈت بەر، شۇنداق قىلساڭ ئۇ قىلغان ئىشىدىن خىجىللىق ھېس قىلىدۇ. بۇ ماقال

«ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىل» دېگەن بولىدۇ.

ياخشىلىقنى سۇنىڭ ئايىغىغا تاشلا، بېشىدىن ئىزلە.
يەنى قىلغان ياخشىلىقنى سۇنىڭ تېگىگە تاشلىۋەتسىمۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ يېمەكلىك (نان) نى ئۆستەڭنىڭ تېگىگە تاشلىساڭ ئۈستىدىن تاپىسەن دېگەن مەنىسىمۇ بار.

ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرەر، نامى قالار.
ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى تۇپراقتا چىرىپ كەتسىمۇ نامى مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ماقال ئادەملەرنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ئادەم بالىسى ئۆلۈم بىلەن يوقىلىدۇ، ياخشىلىق قىلغان نامى قالىدۇ.
بۇ ماقال كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

تېزەك قاردا ياتماس،
ياخشى - يامان قېتىلماس.
چۈنكى، تېزەك ئۆز ئىسسىقى بىلەن قارنى ئېرىتىۋېتىدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك بىر - بىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى بىلەن يامان بىر - بىرىگە قېتىلمايدۇ.

تۆشۈك ئۈنچە يەردە قالماس.
يەنى تۆشۈك مارجان يەردە قالمايدۇ، ئۇنى ئالىدىغان بىرى چىقىدۇ، بۇ ماقال كىنىزەكلەر قىز پېتى تۇرۇۋەرمەيدۇ، ئۇلارغىمۇ ئۆيلىنىدىغان ئادەم چىقىدۇ دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس.
يەنى جېدەلنى جېدەل بىلەن باسقىلى بولمايدۇ، ياراشتۇرۇش بىلەن باسقىلى بولىدۇ.

بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ.

يەنى بۇغدايىنىڭ دۆلىتى ۋە بەرىكىتى تۇپەيلىدىن قارىمۇقمۇ سۇغىرىلىدۇ، بۇ ماقال بىر كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

كىم تۇتۇن چىقارسا، (ئۆزى) ئىسلىنار.
كىمىكى ئوت يېقىپ تۇتۇن چىقارسا، شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئىسلىنىدۇ. بۇ ماقال بىرەر پىتنە قوزغاتقان كىشىنىڭ ئۆزىگە ئۇنىڭ بالاسى تېگىدۇ، دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

كۆككە توكۇرسە يۈزگە چۈشەر.
ئاسمانغا قاراپ توكۇرسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ يۈزىگە قايتىپ چۈشىدۇ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ توكۇرگەنلىك بولىدۇ. بۇ ماقال ئۆزىدىن چوڭلارغا يامانلىق قىلسا، ئۆزىگە يانىدىغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ئۇسكەك ئۇيغا تەڭرى مۈڭگۈز بەرمەس.
بۇ ماقال كىشىلەرگە زەرەر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسىمۇ قىلالمىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قارا كۈن كەلمىگۈچە، قارا يالغا كەچمە.
بېشىڭغا قارا كۈن چۈشمىگۈچە قارا يالغىدىن ئۆتمە.
چۈنكى، ئۇ يەر تىك بولۇپ ھەر ۋاقىت قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. (قارايالغا ـــ تۆرك يۇرتى بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى تىك داۋان).

خىزمەت تاشنى يارار،
تاش باشنى يارار.
بۇ سۆز خوجايىنىدىن ياخشىلىق كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشقا ياردەم قىلىدىغان خىزمەتچى توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ.

ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس.

بۇ ماقال دەپ تاشلىغان سۆزگە ئۆزرە ئېيتقان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

يۈزىگە قارىما، ئەردىمىنى تىلە.
بىراۋنىڭ رەڭگىرويىغا، چىرايىغا قارىما، ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا قارا.

ئەل قالار ئادەت قالماس.
يەنى ئەل يۇرت ـ قالىدۇ، قائىدە ـ يوسۇن قالمايدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ئەدەپ ـ ئەردەمنىڭ بېشى تىل.
ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ بېشى تىل. ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق كىشى چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىدۇ. چىرايلىق سۆزلەيدىغان كىشى ئابروي تاپىدۇ. بۇ ماقال ياخشى سۆزلەش ۋە تىلنى چىڭ تۇتۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىشەر.
تىل بىلەن نېمەت (بەخت ـ سائادەت) كە ئېرىشىدۇ. بۇ ماقال «كىشىنىڭ پەزىلىتى ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن بىلىنىدۇ» دېگەن مەنىدە.

ياخشى سۆز قەدەھكە ئىگە قىلىدۇ.
كىشى ياخشى سۆز بىلەن بەگلەر (چوڭلار) نىڭ ئىنئامىغا ئىگە بولىدۇ، ھۆرمەتلىنىدۇ.

تىلى يامان ئەردىن، كەرۇ يالغۇس.

يەنى تىلى يامان ئەرلىك بولغاندىن، تۇل ئولتۇرغان ياخشى.

كۆپ سۆزنى چۈشەنگىلى بولماس،

تىك قىيانى يىقىتقىلى بولماس.
بۇ ماقال سۆزنى ئۇزارتماسلىققا ئۈندەپ ئىيتىلىدۇ.

سۆزگە مەززە قىلسا، تۇتقۇن بولار.
سۆزنىڭ تاتقىغا مەززە قىلغان (بېرىلىپ كەتكەن) تۇتقۇن بولىدۇ. بۇ ماقال سۆزگە قىزىقىپ ئىشنى تاشلىۋېتىدىغان كىشىگە قارىتىپ ئىيتىلىدۇ.

چاقماق چېقىلسا ئوت تۇتىشار،
سۆز ئاڭلىتىلسا مەقسەت بىلىنەر.
يەنى گەپ - سۆز ئوچۇق، ئېنىق بولسا، مەقسەتنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئاتا بالىسى ئاتىدەك تۇغۇلار.
يەنى بالا ئەقىل تاپقاندا، مىجەز - خۇلقى ئاتىسىغا تارتىدۇ.

مۇزدىن سۇ تامار.
بۇ ماقال مىجەزى ئاتىسىنىڭ مىجەزىگە ئوخشايدىغانلارغا قارىتىپ ئىيتىلىدۇ.

ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ، قوشۇنغا گەپ قىلمىدى.
يەنى چېدىردىكى ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ، ئەسكەرلەرگە گەپ قىلمىدى. بۇ ماقال بىر كىمنىڭ قىلغان ئىشىغا ئاچچىقلىنىپ، باشقا دوستلىرىغىمۇ تەتۈر قاراپ يۈرگىنىگە قارىتىپ ئىيتىلىدۇ.

خاتالاشمايدىغان ئۈۋچى بولماس،
يېڭىلىشمەيدىغان دانىشمەن بولماس.

ئادەم بالىسى ئەيىبسىز بولماس.

كۈنداشنىڭ كۆلىگىچە دۈشمەن.

www.uyghurkitap.com

يەنى كۈنداش بىر ـ بىرىگە شۇنداق دۈشمەنكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۈللىرىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە ئۇرۇلىدۇ.

قېرى ئۆكۈز پالتىدىن قورقماس.

بۇ ماقال بىر كىشىنى ئادەتلىنىپ قالغان نەرسىسى بىلەن قورقۇتماقچى بولغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. چۈنكى، ئۆكۈزنىڭ پالتىغا ئۆگىنىپ قالغىنىدەك ئۇمۇ قورقۇتۇلغان نەرسىگە ئۆگىنىپ قالغاندۇر.

مۈشۈك بالىسى مياۋلاپ تۇغۇلار.

مۈشۈكنىڭ بالىسى ئانىسىدەك مياۋلايدۇ. بۇ ماقال خۇلق ـ مىجەزى ئاتىسىنى دورىغان بالىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

تارتۇقلانغان كېلىن ياۋاش كۈيۈ تاپار.

ئۆز يېقىنلىرىنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرى بىلەن ئىززەتلەنگەن كېلىن خۇشخۇي ۋە ئېغىر ـ بېسىق كۈيۈگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مالدار كېلىننى تاپقانلىقتىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ.

يوشۇرۇلغان نەرسە كېلىندە بولىدۇ.

چۈنكى، ئۇ ياخشى نەرسىلەرنى ئېرىگە ساقلايدۇ.

قاچ ـ قاچ بولسا، ھېچكىم بىر ـ بىرىگە قارىماس.

بىرەر ۋەھىمە تۇيەيلىدىن كىشىلەر توپى ئىچىدە قاچ ـ قاچ بولسا ھەممە كىشى ئۆز جېنىنى ساقلاش ھەلەكچىلىكىدە بىر ـ بىرىگە قارىمايدۇ.

مېھمان كەلسە قۇت كېلەر.

مېھمان بىلەن تەڭلا بەرىكەت كېلىدۇ، مېھمان ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، ئۇنى ئېغىر ئالغۇلۇق ئەمەس.

تەييار (بارى) ئالدىغا قويۇلسا يوققا سانالماس.

بۇ ماقال ئۆي ئىگىسىنىڭ مېھماننى بار نەرسە بىلەن كۈتۈشى لازىملىقىغا قارىتىپ ئېيتىلغان.

ئەندىك مېھمان ئۆي ئىگىسىنى ھۆرمەتلەر.
بۇ ماقال بىلەن ئەسلىي مېھمان ھۆرمەتلىنىشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ.

ئۆي ئىگىسى (مېھماننى) تويدۇرسا، (مېھماننىڭ) كۆزى ھەمىشە يولدا بولىدۇ.
ساھىبخانا مېھماننى ياخشى تويدۇرۇپ مېھمان قىلسا، مېھمان بۇنداق ساھىبخانىدىن رازى بولۇپ، شۇ ساھىبخانىنى دائىم ئەسلەيدۇ ۋە يەنە بىر كۆرۈشسەم دەيدۇ. بۇ ماقال زىياپەتتىن كېيىن كېتىش ئۇچۇن ساھىبخانىدىن ئۆزرە سورىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

كېچىلەپ يۈرسە كۈندۈزى سۆيۈنەر،
كىچىك ئۆيلەنسە ياشانغاندا سۆيۈنەر.
يەنى كېچىسى يول ماڭسا كۈندۈزى خۇشال بولىدۇ. چۈنكى، ماڭغان يولى كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ، ياشلىقىدا ئۆيلەنسە ياشانغاندا خۇشال بولىدۇ. چۈنكى، بالىلىرى ئۇنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ ـ دە، ئۆزى ئارام ئېلىپ قالىدۇ.

قىشنىڭ زىياپىتى ئوت.
قىشنىڭ راھىتى ئوت بىلەن بولىدۇ، ئەگەر سەن بىرەر مېھمانغا ۋە ياكى ئۆزۈڭگە مول زىياپەت بېرىپ ياخشى ئىسسىندۇرمىساڭ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

ئاغرىقنىڭ ۋەسىيىتى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى.
بۇ ماقال كېسەل ياتقان كىشىنى ۋەسىيەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلغان.

ئېمىكلىك خوتۇن ئىشتىھالىق بولار.

بالا ئېمىتىدىغان خوتۇن ئىشتىهالىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا خالىغان تامىقىنى بەر.

تاشنى چاينىغلى بولمىسا سۆيۈش كېرەك.
بۇ ماقال كىشىنى تىلىكىگە يېتىش ئۈچۈن سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

كۈمۈش كۆنگە قونسا، ئالتۇن ئۆز ئايىغى بىلەن كېلەر.
بۇ ماقال بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پۇلنى ئايىماي خەجلەشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

ئۇسسىغانغا ئالۋۇن پۇتۇنلەي سۇ كۆرۈنەر.
بۇ ماقال «هاجەتمەن كىشى هەر بىر نەرسىدىن ئۆز هاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىنى كۈتىدۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

دالىدا بۆرە هۇۋلىسا،
ئۆيدە ئىتنىڭ باغرى تارتىشار.
يەنى جاڭگالدا بۆرە هۇۋلىسا، ئۆيدىكى ئىت ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ باغرى تارتىشىدۇ. بۇ ماقال يېقىن كىشىلەرنى بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس.
بۇ ماقال ئىشلاردا باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قاچىنىڭ ئاغزى كىچىك بولسا، پەركانىڭ چوڭىنى قوي.
بۇ ماقال كىشىلەر ئالدىدا كىچىك ئىشنى يوغان قىلىپ كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا يارىماس،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ ماقال بىر كىمدىن بىرەر ياردەم سورىماقچى بولغاندا، ئۇنىڭغىمۇ بىرەر ياردەم، پايدا يەتكۈزۈش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

تونۇش ئەمەس كىشىدىن تونۇش شەيتان ياخشى.
بۇ ماقال تونۇشلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قاغىنىڭ قېرىسىنى كىم بىلەر،
كىشىنىڭ ئالىسىنى كىم تاپار.
قاغىنىڭ قېرىسىنى كىم تونۇيالايدۇ، ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى كىم بىلەلەيدۇ؟ بۇ ماقال بىر قىسىم نائەھلىلەردىن ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ساقالنى ئوينار، ساقاقنى پىچار.
ساقالنى ئوينىغان بولۇپ ئېڭەكنى كېسەر. بۇ ماقال يامان نىيەتنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

غاز كەتسە ئۆردەك كۆلنى ئىگىلەر.
بۇ ماقال خەلق ئارىسىدىن بىر ئۇلۇغ ئادەم كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر نائەھلى ئادەم چىققانلىقىغا تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

يىراق يەر خەۋىرىنى كارۋان كەلتۈرەر.
كارۋان يۇرت كەزگۈچى بولغاچقا، يىراق جايلارنىڭ خەۋەرلىرىنى دائىم يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئەندىز بولسا ئات ئۆلمەس.
چۈنكى، بۇ خىل يىلتىزنى يانجىپ، كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا ئات ساقىيىدۇ. بۇ ماقال يولۇچىنى سەپەرگە ئوبدان تەييارلىق كۆرۈشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئوزۇقلۇق ئادەم ھارماس.
سەپەرگە چىققاندا ياكى بىرەر ئىشنى قىلغاندا قورساقنى ئوبدان تويغۇزغان ئادەم ئاسان ھېرىپ قالمايدۇ. بۇ ماقال ئىشتىن بۇرۇن قورساقنى توقلاشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ياياقنىڭ ئېتى چورۇق، كۈچى ئۇرۇق.
بۇ ماقال سەپەردە پۇتنى قاپارتىۋېلىشتىن ۋە ھالسىزلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇشۇ ئىككى نەرسىنى (ئۆتۈك، ئوزۇقلۇق) تەييارلاشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

چورۇق بولسا ئادەم ئۆلدىماس،
ئىچلىك بولسا ئات يىغىر بولماس.
چورۇق (ئۆتۈك) بولسا ئادەم ھەر قانچە يول ماڭسا پۇت قاپارمايدۇ. بۇ ماقال ھەر ئىشتا ئاقىۋەتنى ئويلاپ ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

ھەر قانچە ئەخمەق بولسىمۇ، ھەمراھى ياخشى،
ھەر قانچە ئەگرى بولسىمۇ، يول ياخشى.
يالغۇزلۇقتىن كۆرە ئەخمەق بولسىمۇ ھەمراھ ياخشى، چۆلدە بېشى قېيىپ يۈرگەندىن كۆرە ئەگرى - توقاي بولسىمۇ يول ياخشى، چۈنكى يول بولمىسا مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدۇ.

يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەس،
تۆگە بويىنىنى ئەگرى دەر.
بۇ ماقال ئۆزىدە ئەيىب تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن كۈلىدىغان غەيۋەتچىلەرگە تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

ئوتنى يالقۇن بىلەن ئۆچۈرگىلى بولماس.
بۇ ماقال «پىتنە - پاساتنى پىتنە - پاسات بىلەن ئەمەس، سۈلھى بىلەن تۈگىتىش مۇمكىن» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ھەرىنىڭ چىشىغا تەگسە چاقىدۇ.
بۇ ماقال پىتنىنى كەم قوزغىسا، پىتنە ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشىدىغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

تايغاننىڭ يۈگۈرۈكىنى تۈلكە سۆيمەس.
چۈنكى، تايغان تۈلكە ئالىدۇ، بۇ ماقال ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە پەزىلىتى بىلەن تەڭتۇشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۈستۈن تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىككە ئۇچرىغان كىشى توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ.

مۈشۈك ئىلغىدىكى چاۋا ياغقا تېگەلمەي،
كىشىنىڭ مېلى ماڭا ياراشماس دەر.
بۇ ماقال تىلىگەن نەرسىگە ئېرىشەلمەي قالغاندا، ئۇ نەرسە ماڭا لازىم ئەمەس دەيدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ دېيىلىدۇ.

توق تۇرمۇشلۇق ئادەم تېز قېرىماس.
تۇرمۇشى پاراۋان ئادەم ياخشى، مايلىق تائاملارنى يەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تېز قېرىمايدۇ.

ئاچ نېمە يېمەس، توق نېمە دېمەس.
ئاچ ئالدىغا كەلگەننى يەۋېرىدۇ، توق ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ.

بوش (تۇرغان) نەرسىگە ئىگە بولماس.
بوش، ئەركىن، ئىگە ـ چاقىسىز قالغان نەرسىنىڭ ئىگىسى، ھىمايىچىسى بولمايدۇ. بۇ ماقال ئۆز مېلىنى ئوبدان ساقلاشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

قوغۇن تالانسا، ئىگىسىمۇ ئىككى قول بىلەن تالايدۇ.
قوغۇن باشقىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىسا، ئىگىسىمۇ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي ئىككى قولى بىلەن تالايدۇ. بۇ ماقال ئىگىسىنىڭ ئۆز مېلىغا بولغان ھېرىسلىكىنى كۆرسىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ئىپارلىق خالتىدىن ئىپار كەتسە ھىدى قالار.
ئىپارلىق خالتىدىن ئىپارنى ئېلىۋەتكەندىمۇ ئۇنىڭ پۇرىقى قالىدۇ. بۇ ماقال بايلىقى قولدىن كېتىپ يوقۇندىسى قالغان بولسىمۇ، بىرەر نەرسە ئۈستىدە ئىزدەنگەن ھامان تېپىلىپ تۇرىدىغان كىشى توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ.

بەش بارماق تەكشى ئەمەس.
بۇ ماقال «ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ» دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

قۇش تۇزاققا يەم ئۈچۈن ئىلىنار.
بۇ ماقال ئۆزىنى ئىزلەپ قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالغان ئادەمگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ئىش پەيتىگە باقىدۇ، سودىگەر پايدىغا.
سودىگەر پايدىنى كۆرسە، ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنىمۇ سېتىۋېتىدۇ.

قالىڭ مال بەرسە قىز ئالار،
كېرەك بولسا قىممەتكە ئالار.
قالىڭ مال بەرسە قىز كېلىن ئالىدۇ. بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشكەن ئادەم ئۇ نەرسە زۆرۈر بولغاچقا قىممەت باھادا بولسىمۇ ئالىدۇ.

ئېلىمچى ئارسلان، بېرىمچى چاشقان.
ھەققىنى تەلەپ قىلىپ ئالغۇچى ھۆججەت قىلىشتا گويا ئارسلان بولىدۇ. قەرز تۆلىگۈچى قورققانلىقتىن چاشقانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ئېلىم كەچ قالسا، بۇنىڭغا پۇت چىقىدۇ.
قەرز ئالغۇچى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا، قەرز ئىگىسى قەرزنى ئۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. بۇ ماقال ئېلىم ـ بېرىمنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا ئۇندەپ ئېيتىلىدۇ.

تىلەمچىگە بەر مىڭ ياغاق،
تايانغىلى بەر تاياق.

تىلەمچىگە مىڭ ياغاق بېرىش مېنىڭ بۇرچۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە تايانغىلى ھاسا تاياقمۇ بېرىمەن. بۇ ماقال كىشىلەرنى سېخىي بولۇشقا ئۇندەپ ئېيتىلىدۇ.

بېخىل كىشىنىڭ داڭقى چىقماس.

بېخىل، پىخسىق كىشى كىشىگە قىلچىلىك نەپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتى بولمايدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى ياخشى نام چىقىرىپ شۆھرەت قازىنىشقا، سېخىي بولۇشقا ئۇندەپ ئېيتىلىدۇ.

شۇنچىلىك جاپا تارتتىكى، ھەتتا كىگىز ئۆيىنى ئۆزى يۇدۇپ ماڭىدىغان ھالغا يەتتى.

قۇشنىڭ ئەسكىسى سېغىزخان،
ياغاچنىڭ ئەسكىسى ئازغان.
يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان،
خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسخان.

قۇشلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى سېغىزخان بولسا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئازغاندۇر؛ ئازغان سېرىق ۋە ئاق چېچەكلەيدىغان، ھالقىغا ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، قىزىل مېۋىسى بار بىر خىل ئۆسۈملۈك، بىزنىڭ تەرەپلەردە ئۇنى باغنىڭ چۆرىسىگە تېرىيدۇ. ئۇ ئوتۇن قىلىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى، كۆيگەندە ئۈچقۇنلىرى چاچراپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۆي ـ بىساتلارنى كۆيدۈرىدۇ. يەرنىڭ ئەسكىسى ئويمان، دۆڭ ۋە پاتقاق يەر ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى مۇنداق يەرلەردە چېدىر تىككىلى ۋە زىرائەت تېرىغىلى بولمايدۇ، ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى بارسخانلىقتۇر،

چۈنكى... ئۇلارنىڭ خۇيى ئەسكى ۋە ئۆزلىرى بېخىل كېلىدۇ.

ئورتاق ئۆز ئورتىغىدىن ئارتۇق ئالماس.
بۇ ماقال كىشىلەرنى ئىنساپقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

ئىتقا ئۇيات كىرسە، ئۇلتاڭ يېمەس.
بۇ ماقال ئۇياتچان، ئىنساپلىق بولۇشقا ئۈندەپ، كىشىنى يامان ئىشلاردىن قايتىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە،
ئىنساپ ۋە قائىدە - يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار.

يوتقاندىن ئارتۇق پۇت سۇنۇلسا ئۈششۈيدۇ.
يوتقاننىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئارتۇق پۇت سۇنسا، پۇت ئوچۇق قېلىپ سوغاقتا ئۈششۈيدۇ، بۇ ماقال كىشىلەرنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قۇدۇقتا سۇ بار، ئىت بۇرنى تەگمەس.
قۇدۇقتا (كۆلدە) سۇ بولسىمۇ ئىت بۇنى ئىچەلمەيدۇ. بۇ ماقال ئارزۇ قىلغان ئىشقا قولى يەتمەيدىغان ياكى بىرەر كىمنىڭ قولىدىكى ئىشقا كۆزى چۈشسىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئادەمگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ياقىسىدىكىنى يالايمەن دەپ، ئىلكىدىكىدىن ئايرىلىپتۇ.
ياقىسىغا يېپىشىپ قالغان ئاشنى يالايمەن دەپ، قولىدىكى ئاياق - تاۋاقلىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. بۇ ماقال بىرەر نەرسىگە ئىنتىلگەن كىشىنى ئاچ كۆزلۈك قىلماستىن، قولىدىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قىردىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆيدىكى توخۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما.
بۇ ماقال يوق نەرسىنى دەپ، قولدىكى نەرسىدىن ئايرىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى ئىككى قېتىم سويۇلماس.
بۇ ماقال بىر ئادەمدىن ياخشىلىققا ئېرىشىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە ياخشىلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار،
كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس.
ھىيلە بىلەن ئارسلاننى تۇتقىلى بولىدۇ. كۈچ بىلەن كۆكتاتلىقتىكى قارانچۇقنىمۇ تۇتقىلى بولمايدۇ. بۇ ماقال كۈچ يەتمىگەندە ھىيلە بىلەن تەدبىر ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس،
دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس.
بۇ ماقال «چوڭ ئىشنى كىچىك تەدبىر بىلەن قايتۇرغىلى بولماس» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

قورال تەييارلىسا قۇلۇنلۇق بولۇر،
قورالنى ئۇنتۇسا تۇتقۇن بولار.
قولۇڭدا قورالىڭ دائىم تەييار بولسا خاتىرجەم غالىب بولىسەن. ئەگەر قولۇڭدا قورالىڭ بولمىسا ھەم ئۇنى ئۇنتۇساڭ تۇتقۇن بولىسەن! بۇ ماقال ھەر ئىشتا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قورۇلغان كىرىچ تۈگۈلمەس،
سالما بىلەن تاغ ئېگىلمەس.
يەنى قورۇلغان كىرىچ يىغىلماس، تاغنى سالما بىلەن ئەگكىلى

بولماس. بۇ ماقال ئەرزىمەيدىغان ۋاستە بىلەن چوڭ ئىشقا كىرىشمەسلىككە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

(ھەي) ئۇيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس،
تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس.
تۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ، ياغاچنى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر جارچىسى باركى، ئۇ ھەر كۈنى شۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى (خەلققە) ئۆگىتىدۇ.

نەرسە يوقاتقان (كىشى) ئانىسىنىڭ قوينىنىمۇ ئاختۇرىدۇ.
بۇ ماقال نەرسە يوقاتقان كىشىنىڭ ئۇنى ھەر قانداق يەردىن ئىزلەشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

ھاسىسى بار تېپىلماس،
گۇۋاھچى سۆز بىلەن ئىشەنچ قازىنالماس.
يەنى ھاسىسى بار ئادەم پاتقاق يەردە ياتمايدۇ. گۇۋاھچىنىڭ سۆزى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەندە ئاندىن بىلىنىدۇ.

چوقچا تاشتا ئوت بولماس،
تازچاقتا ئۇيات بولماس.

تازنىڭ كىلىدىغان يېرى بۆكچىنىڭ دۈكىنى.
يەنى تاز تېزىنى ياپىدىغان نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن بۆكچىنىڭ دۈكىنىغا كېلىشكە مەجبۇر دېگەنگە ئوخشاش، بۇ ماقال ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نەرسىدىن قاچقان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

تاپ قۇش ئىسقىرتسا ئۆلۈم چىقار.
تاپ قۇشنىڭ بىر ئادەمگە قاراپ ئىسقىرتىشى ئۆلۈمنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئوڭغا تارتقان ئىش بۇزۇلدى.

بۇ بىر ئىشنىڭ تازا ياخشى بولۇپ كېتىپ بېرىپ تۇيۇقسىز بۇزۇلغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

كۈنگە باقسا كۆز قامىشار.

سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك، قېيىنغا قاتتىقلىق يارىشار.
بۇ ماقال «ھەر بىر نەرسە ئۆز ئەسلىگە تارتقىنى ياخشى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس.
بۇ ماقال ئىككى ئادەم بىر ئىشقا ئىنتىلگەندە ياكى ئىككى ئادەم بىر قىزنى ئالماقچى بولغاندا ئېيتىلىدۇ.

كۆك تۆمۈر بىكار تۇرماس.
«كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ، تەگكەن يېرىنى يارىلايدۇ» دېگەن بولىدۇ، بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار: قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا قىلىچنى يالىغاچلاپ، ئالدىغا كۆندىلەڭ قويىدۇ ـ دە، بۇ «ۋەدە بۇزۇلسا قىلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن» دېگەن بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

ئۇ كېچىنى سۇ ئېلىپ كەتتى.
بۇ ماقال «بولار ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

قوناق بېشىنىڭ سىيرەك بولغىنى ياخشى.
ئۇنداق بولغاندا دېنى چوڭ ـ چوڭ بولىدۇ، قېلىن بولسا دېنى ئۇششاق بولىدۇ. بۇ ماقال كۆتكەن مەقسەتكە ئاز زەخمەت چېكىش بىلەن يەتمەكچى بولغانلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

خاننىڭ ئىشى بولسا، خېنىمنىڭ ئىشى قېلىپ تۇرار.

www.uyghurkitap.com

چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ.
بۇ ماقال ئۆلۈمى بىر نەرسىگە باغلىق بولۇپ قالغان كىشىنىڭ شۇ نەرسە ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بۆرىنىڭ ئورتاق، قۇزغۇننىڭ دەرەخ بېشىدا.
قاغا - قۇزغۇن بۆرىنىڭ تاپقىنىغا تەڭ شېرىك بولىدۇ. ئۆزىنىڭ تاپقىنىنى بولسا دەرەخ بېشىدا ئولتۇرۇپ يەيدۇ.

ئات قاشقىسى ئاي بولماس.
بۇ ماقال كىچىك ئىشنى چوڭ ئىش ئورنىدا كۆرگۈچىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

كۆل پۈۋۈلىگۈچە، چوغ پۈۋۈلىگەن تۈزۈك.
بۇ ماقال كىشىلەرنى كىچىك ئىشنى تاشلاپ، چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

خامان تەپمەك سۇندۇكىنىڭ ئىشى ئەمەس.
بۇ ماقال كۈچى يەتمەيدىغان چوڭ ئىشلارنى قىلىشنى خالايدىغان ئاجىز ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بىر قاغا بىلەن قىش كەلمەس.
بۇ ماقال ھەمراھلىرى ئۆلگۈرۈپ كېلىپ ياردەم بەرگۈچە ئۆز ئىشلىرىدا تەمكىن بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

بويۇنتاۋلۇق قىلسا بويىنى زەنجىرلىنىدۇ.
بۇ ماقال ئۆزى بىلگەنچىلا ئىش قىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

كېپىل بولغۇچە، ئوت تۇتقان ياخشى.
چۈنكى كېپىل بولغان ئادەم كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ.

ئاشىنىڭ تاتقى تۇز بىلەن، لېكىن تۇزنى قاچىلاپ يېگىلى بولماس.
بۇ ماقال كىشىلەرنى ھەر قانداق ئىشتا تېجەشلىك بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قېيىن پوستى بىلەن.
قېيىن دەرىخى پوستى بىلەن گۈزەلدۇر.

تەسكەيدە قار ئۆكسۈمەس،
قويدا ياغ ئۆكسۈمەس.

گۆرىستاندا ئۆي بولماس،
توپىلاڭ يەردە ئوۋ بولماس.

ياش ئوت كۆيمەس،
ئەلچى ئۆلمەس.

ياش (كۆك) ئوت كۆيمىگەندەك، ھەر قانچە ئېغىر دەھشەتلىك خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچىمۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى بۇ خەۋەر ئەۋەتكۈچىدىن كېلىدۇ.

يىپىنچلىق ھۆل بولماس، ئېغىزدۇرۇقلۇق چاپچىيالماس.
يىپىنچىسى بار ئادەم يامغۇردا ھۆل بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ساقلىنىپ قالىدۇ؛ ئېغىزدۇرۇقلۇق ئات چاپچىيالمايدۇ ۋە شاشلىق قىلالمايدۇ. بۇ ماقال ئىشلار ئۈچۈن تەييارلىق بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.